# مەرىپەت

معرفة

1

2022

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2022- يىل 1- سان (ئومۇمىي 36-سان)



- دىنىي ئىلىملەر بىلەن پىداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا
- نامازنىڭ ئۆلگىلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى
- غەربتىن ماددا، شەرقتىن مەنە
- ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە . . .

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز قەدىرلىك ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

100
دوللار

ئالدىنقى ساندا ژۇرنىلىمىز ئاپتورلىرىدىن مۇسا بابۇر مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى.

مۇبارەك بولسۇن!

# مۇندەرىجە


❋ فەتىھ سۈرىسى......مۇھەممەد يۈسۈپ 5

❋ دىنىي ئىلىملەر بىلەن پىداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا..... دوكتور ئەلى ئەھمەد مەدكۇر ...قارىيە مۇئمىن ھەكىم ئوغلى تەرجىمىسى 12

❋ نامازنىڭ ئۆلگىلىك ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى...ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي ...ئەزىزۇللا ئەمىن تەرجىمىسى 28

❋ ياشلار ئۈممەتنىڭ ئۈمىدى، گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى...دوكتور تاھا ئەھمەد... ئابدۇللا ئارمان تەرجىمىسى 35

❋ قىرىق ياشقا كىرگەنلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار ... ئابدۇلئەھەد ئۇجات 52

❋ شەرمى ـ ھايا چۇقانى .................... .............مۇھەممەتئىمىن بىشارەت 66

❋ غەربتىن ماددا شەرقتىن مەنە....ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي.............................. ..........شەمسىددىن بۇغرا تەرجىمىسى 78

❋ ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز .................مۇھەممەد يۈسۈپ 81



دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي

پەسىللىك ژۇرنال

2022

1-سان (ئومۇمىي 36-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:

سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۈسۈپ



تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئابدۇلئەھەد ئۇجات

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

ئاتاۋۇللا سەئىد

مۆمىنجان سىدىق

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)



مۇشتەرىي بولۇڭ

ئەسىر ئەۋەتىڭ

پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ

www.meripetjournal@gmail.com

www.merifet.net

# رامزان مۇبارەك!

ئەزىز قېرىنداشلار، ئاللاھقا شۈكۈرلەر
بولسۇنكى، مۇبارەك رامزان ئېيىغا ئۇلاشتۇق.
رامزان ئېيى قۇرئان ئېيىدۇر، رامزان ئېيى ئىمان ئېيىدۇر،
رامزان ئېيى ئېھسان ئېيىدۇر.
بۇ ئايدا ياخشىلىقلارغا ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىلىدۇ. دەرىجىلەر
ئۈستۈن قىلىنىدۇ. گۇناھلار، خاتالىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئۆتكەن يىلى نۇرغۇن قېرىنداشلار بىلەن بىللە روزا تۇتقان ئىدۇق. ئۇلارنىڭمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئارزۇ – ئارمانلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەجىلى توشۇپ، ھازىر قەبرىدە ھېسابنى كۈتۈپ ياتماقتا!

بىزئۆتكەن بۇ بىر يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئەزىزلىرىمىزنى، نۇرغۇن يېقىنلىرىمىزنى ئۈزىتىپ قويدۇق. يەنە كېلەر رامزانغىچە كىملەرنى ئۈزىتىمىز بىلمەيمىز.

ئەزىز قېرىنداشلار، ئاللاھ باشقا ئايلاردىن پەزىلەتلىك قىلغان بۇ رامزان ئېيىنى قانداق كۈتۈۋالىمىز!؟

بىز بۇ ئاينى سەممىي تەۋبە بىلەن، قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن، گۇناھ – مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش بىلەن كۈتۈۋالايلى.

قەلبىمىزنى ھەسەتتىن، ئۆچمەنلىكتىن، ئاداۋەتتىن پاكلايلى!

پاك قەلبىمىز بىلەن رامزان ئايلىرىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا يۈزلىنەيلى!

ھازىردىن باشلاپ رامزانغا يۈكسەك ھىممەت، بەرقارارلىق بىلەن تەييارلىق قىلايلى!

بۇ مۇبارەك ئايدا ۋاقتىمىزنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرايلى! كۈندۈز، كېچە، سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلىرىمىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتسۇن. ھېچبىر لەھزىنى ئىسراپ قىلمايلى! روزا، تەھەججۇت، تىلاۋەت ۋە يېتىم-يېسىرلارغا خەير – ئېھسان قىلىش... ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش، خۇسۇسەن ئۇرۇق – تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە دوست – بۇرادەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش... قاتارلىق ئەمەللەرگە بەك ئەھمىيەت بېرەيلى!

بولۇپمۇ رامزان ئېيىدا قىلىنغان سەدىقە باشقا ئايدىكىلەردىن پەرقلىق ھالدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئى قېرىندىشىم، بۇ ئايدا ھەر كۈنى بىر تەڭگە بولسىمۇ سەدىقە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.

باشقىلارغا ئىپتارلىق بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدەك ئەجىر بېرىدۇ. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىنمۇ ھېچ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ».

ــ «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

# فەتھ سۈرىسى



مۇھەممەد يۈسۈپ

فەتھ سۈرىسى ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن مەككە-مەدىنە يولىدا نازىل بولغان، 29 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، مەدىنە سۈرىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ سۈرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا كېلىدىغان فەتھ، زەپەر ۋە غەلىبىلەر توغرۇلۇق بېشارەت بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەقىقىي ساداقەتمەن مۆئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە مەككىنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلاھىي ۋەدە ھەققىدە بېشارەت بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ﴿إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا﴾ دېگەن بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿فَتَحْنَا﴾ يەنى غەلىبە ئاتا قىلدۇق دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. «فەتھ» (ئېچىش، ئازاد قىلىش) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى 11-ئايدا (مىلادىيە628-يىلى) تۈزۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ئانا يۇرتى بولغان مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، مەككىگە يېقىن «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشى سەۋەبلىك ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان 1400گە يېقىن ساھابە بىلەن بىرلىكتە مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ، زۇلھۇلەيفە دېگەن جايدا ئېھرام باغلايدۇ ۋە مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقمىغانلىقتىن، پەقەت ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىرەردىن قىلىچلا ئېلىۋالغان بولۇپ، باشقا ھېچقانداق قورال ئالمىغان ئىدى. يول ئۈستىدە

ئۇلارغا بىشر ئىبنى سۇفيان دېگەن كىشى ئۇچرىشىپ، مەككىلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن جابدۇنۇپ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقمىغانلىقىنى، بەلكى پەقەت مەككىگە بېرىپ ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈنلا يولغا چىققانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەككىدە قەتلى قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ھۇدەيبىيەدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا توپلاپ، ئۇلارنى بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئارقىغا قايتماسلىققا، غەلىبە ياكى شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى شەرەپنىڭ بىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىدۇ.

مەككىلىكلەر ساھابىلەرنىڭ بۇ بەيئەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سۇھەيل ئىبنى ئەمر دېگەن ئادەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھۇدەيبىيە كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ، كېلەر يىلى قورالسىز مەككىگە كىرىدۇ ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە مەككىدىكى ئىبادىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىدۇ.

2. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا 10 يىل ئۇرۇش توختىتىلىدۇ.

3. ئەرەب قەبىلىلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرەپكە، قۇرەيشلەر باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلارنىڭ مۇشرىكلار تەرەپكە قوشۇلۇش ئەركىنلىكى بار. بۇ ئىككى تەرەپتىن قايسىبىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان قەبىلە شۇ تەرەپكە تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇ قەبىلىگە قارىتىلغان ھەرقانداق بىر دۈشمەنلىك ياكى زىيانكەشلىك ئۇ قەبىلە ئىتتىپاقداش بولغان تەرەپكە قارىتىلغان دۈشمەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەردىن مەدىنىگە قېچىپ بارغانلارنى مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەككىلىكلەر مەدىنىدىن مەككىگە قېچىپ كەلگەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

### مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئادالەتسىز شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىختىيارىي ھالدا بويسۇندۇرۇپ پەۋقۇلئاددە قۇدرەت تاپقان ۋە مەككىلىكلەرنى يېڭىشتە ھېچقانداق شەك قالمىغان تۇرۇقلۇق، بۇ كېلىشىم شەرتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ناھەق ۋە ئادالەتسىز بولغىنىغا قارىماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ بۇ ناھەق شەرتلىرىنى قوبۇل

قىلغان ۋە نۆۋەتتىكى سەپەردە مەككىگە كىرمەستىن قايتىپ كەتكەن. ساھابىلەرنىڭ چۈشلىرىدىن بەزىلىرى بۇ ناھەق كېلىشىمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار كېيىنچە بۇنىڭ چوڭ غەلىبە ئۈچۈن بېسىلغان قەدەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. دېمەك، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن ئىبارەت كېيىنكى چوڭ غەلىبىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان ئىدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا (1) لِيَغْفِرَ لَكَ اللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكَ وَيَهْدِيَكَ
صِرَاطًا مُسْتَقِيمًا (2) وَيَنْصُرَكَ اللَّهُ نَصْرًا عَزِيزًا (3) هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا
مَعَ إِيمَانِهِمْ وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا (4) لِيُدْخِلَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي
مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَكَانَ ذَلِكَ عِنْدَ اللَّهِ فَوْزًا عَظِيمًا (5) وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ
وَالْمُنَافِقَاتِ وَالْمُشْرِكِينَ وَالْمُشْرِكَاتِ الظَّانِّينَ بِاللَّهِ ظَنَّ السَّوْءِ عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ وَغَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَلَعَنَهُمْ
وَأَعَدَّ لَهُمْ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا (6) وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا (7).

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

3 ـ 1- (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سېنى توغرا يولغا باشلىشى، ساڭا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق.

4 ـ ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

5 ـ مۆئمىن ئەرلەرنى ۋە مۆئمىن ئاياللارنى (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن (بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق). مانا بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

6 ـ (شۇنداقلا) ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر. يامان ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

7 ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن چوڭ بىر زەپەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى بۇ مەككىلىك كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تۈنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى مەككىلىكلەر مۇئامىلە قىلغاندەك قاچقۇن ئەمەس، بىچارە ئەمەس، كۆچسىز ئەمەس، يالغۇز ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم ئۈستىلىگە ئولتۇرالايدىغان زور كۈچ ئىكەنلىكىنى بارلىق كاپىرلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككە كۆچلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتى ۋە ئۇلارنى تېز ئارىدا يوقىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مۇشرىك كۆچلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي دىن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. گەرچە مۇسۇلمانلار كېلىشىم بويىچە بۇ يىل مەككىگە كىرمەستىن قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە تۆرلۈك يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەۋەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىران، مىسىر، يەمەن، ئېفىئوفىيە (ھەبەشىستان) قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولغان ئىدى. چۈنكى بۇ كېلىشىم ئارقىلىق ۋاقىتلىق تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرى توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان بولغان ۋە كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەن ئىدى. دېمەك، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا كېلىدىغان چوڭ بىر زەپەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان بىر كېلىشىم ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئاللاھ تائالا )ئوپئوچۇق غەلىبە( دەپ ئاتىغان. بۇ غەلىبە دەل مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ئىدى. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق مەككىنىڭ چوقۇم فەتھى قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. دېگەندەك كېلىشىمدىن ئىككى يىل كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەككىگە كىرىپ كېلىدۇ. چۈنكى مەزكۇر كېلىشىم خېلى بۇرۇنلا بۇزۇلغان ئىدى.

### ھۇدەيبىيە كېلىشىمى كىملەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان؟

جاۋاب: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەككىلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن بۇزۇلغان. قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەكرى قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى قۇرەيشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى بۇزۇلغان.

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغانمۇ؟ ئەللامە زەمەخشەري «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئاللاھ تائالا مەككىنىڭ فەتھىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەغپىرەت قىلىش، نېمەتنى تاماملاش، توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ ئىشقا تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەن. گويا دەيدۇكى، ساڭا مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق، دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ساڭا ياردەم بەردۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە ساڭا ئىككى دۇنيالىق ئىززەت بىلەن مۇكاپاتنى توپلاپ بەرگىنىمىزدۇر. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ئەمەلدە جىھاد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىشى قاتارلىق ياخشى نەتىجىلەرگە تۈرتكە بولغان دېيىشكە بولىدۇ»[1].

«﴿ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، گۇناھ قىلغان دېگەننى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرلەر گۇناھ قىلمايدۇ. بۇ ‹ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانالمايدىغان ئىشلار ئاللاھقا يېقىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانىلىدۇ› دەيدىغان قائىدىگە ئاساسەن كەلگەن ئايەتتۇر»[2].

﴿ساڭا بەرگەن نېمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش﴾ ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ تارقىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمىتىنى تاماملاپ بەرگەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

﴿سېنى توغرا يولغا باشلاش﴾ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دىنىنى يەتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۇنى توغرا يولغا باشلىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

﴿ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن﴾ بۇ ئايەتتىكى «شانلىق زەپەر» شەكسىزكى، مەككىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە قوشۇلۇشىدۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

[1] «تفسير الكشاف» 4 ـ توم، 322 ـ بەت.
[2] «التفسير الواضح» 3 ـ توم، 479 ـ 480 ـ بەت.

دۈشمەنلىرىدىن ئەزىز ۋە ئۈستۈن قىلغانلىقى، ئىلگىرى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان شانلىق زەپەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان پەزل ـ مەرھەمىتى بولۇپ، مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلغانلىرى توغرۇلۇق: ﴿ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەر، زور قىيىنچىلىقلار ۋە ئىزتىرابلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا تاس قالغان ئىدى. مۇشۇنداق چوڭ سىناقلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى سالغان، كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك چۈشۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشقان، ئەقىدىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھ تائالانىڭ بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەخسۇس قوشۇنلىرىدۇر، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر ئىشنى بىلىپ قىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان زاتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە يۇقىرىقى كاتتا ئىلتىپاتلارنى قىلىشى مۆئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۆئمىن ئاياللارنىڭ بۇ ئىلتىپاتلارنى، بۇ نېمەتلەرنى تونۇپ، بۇلارنى ئاتا قىلغان رەببىگە شۈكۈر قىلىشى، ئاندىن بۇ شۈكۈرنىڭ نەتىجىسىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى، ئۇلارنى ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرغۇزۇشى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت ۋە چوڭ ئۇتۇقتۇر. شۇنداقلا، مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق «ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلمايدۇ، پەيغەمبەرگە نۇسرەت ئاتا قىلمايدۇ» دەپ يامان ئويلاردا بولغانلىقى، ھەق دىنغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك ئازابلاش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى سايىسىدا ئىمانى تېخىمۇ كۈچلىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇدرەت تاپقانلىقى مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلمايدۇ ۋە غەلىبە ئاتا قىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكەنلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۈتكەن يامانلىقلار، مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ئىدى. بۇ تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان ھۆكۈم بولۇپ، ھەققىي مۆئمىنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىغا سۇيىقەست

پىلانلىغانلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرى ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ.

﴿(شۇنداقلا) ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەنلىكى مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان خەتىرىنىڭ ۋە زىيىنىنىڭ مۇشرىكلارنىڭكىدىن چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى مۇشرىكلار ئاشكارا دۈشمەن، مۇناپىقلار بولسا يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. مەلۇمكى، يوشۇرۇن دۈشمەنىنىڭ خەتىرى ئاشكارا دۈشمەنىنىڭكىدىن چوڭدۇر.

مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارغا ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلدى، ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە جەھەننەم ئازابىنى تەييارلىدى. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئالدىنقى ئايەتنىڭ ئاخىرى ﴿ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەت بىلەن تاماملانغان بولسا، بۇ يەردە ﴿ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەت بىلەن تاماملانغان. چۈنكى ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە ئىدارە قىلىشى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشلار ئىلىم ۋە ھېكمەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارنى جازالاش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن، بۇ يەردە، كۈچ ـ قۇدرەت تەقەززا قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە غالىب، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان زات ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى...﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى ئايەتتىكى «گۇناھ» ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن گۇناھ سانالمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر، شۈكۈر نېمەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. ھەق دىنىنىڭ بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا جىدامچانلىق بىلەن كۈرەش قىلغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى كاتتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئەڭ ھەقلىق بولغانلار پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن ئىرادىلىك مۆئمىنلەردۇر.

4. مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبىسى كاپىرلار ئۈچۈن ئازابتۇر.



# دىنىي ئىلىملەر بىلەن پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ماقالە ئاپتورى: دوكتور ئەلى ئەھمەد مەدكۇر. تەرجىمىدە: قارىيە مۇئمىن ھەكىم ئوغلۇ

دىنىي ئىلىملەرنىڭ پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىگە دىنىمىزغەدىمدىن تارتىپلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. بىز بۇ ماقالىمىزدە يۇقىرىقى بىلىملەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەتقىقات ئوبيېكتى، ئوقۇ-ئوقۇتۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلىرىدە ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىلىم ئەندىزىسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەر بىركۆز قاراش، ھەربىرھادىسە ۋە ئىنسان پسىخىكىسىغا يوشۇرۇنغان ئامىللارغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىلىم ئەندىزىسىنىڭ ئومۇمىي مېتودولوگىيەسى ھەققىدە توختالماقچىمىز. بۇ خىل تەتقىقات مېتودى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى بىرلەشتۈرۈش قورالى بولۇپ، بارلىق ئىنچىكە مەزمۇنلارنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، مەنە ۋە ئۇقۇمغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر بىركۆز قاراشنى ئومۇمىي ئۇقۇمنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا، بىر تەركىبىگە ئايلاندۇرىدۇ.

بۇ مېتودولوگىيە تۆرلۈك ھادىسىلەرنى ياكى ئىنسان پسىخىكىسىنى ئايرىم تەتقىق قىلمايدۇ، ھەربىر ئەھۋالغا ئايرىم مۇئامىلە قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئىشلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئايىغى چىقماس جاڭگالغا، رەتلىگىلى بولماس ئەخلەت پارچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپمۇ قويمايدۇ، بەلكى ھەربىرمەسىلىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ ئومۇمىيلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئىزدىنىدۇ.

مەزكۇر ماقالىمىزدە دىنىي ئىلىملەرنىڭ پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بۇ بىلىملەرنى بىر-بىرىدىن ياتلاشتۇرغان ئامىللار ھەققىدە توختىلىمىز.

ماقالىمىز دىنىي بىلىملەر ۋە مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا، بۇ ئىككى بىلىمنى ئايرىۋەتكەن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت

قىلدۇ. بۇ ئىككى بىلىم ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىپ قالغان بۇ ھاڭنى ئېتىشتە، ئاۋال، ئىسلامى نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ مەقسەت خاراكتېرلىك، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە ئىلىملىرىنىڭ بولسا ۋاستە خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى بېكىتىۋالىمىز، ئاندىن، ئەرەب، ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان مۇستەملىكە ھۇجۇملىرىدىن كېيىن، بارلىق مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقات، ئەمەلىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تامامىلىغان غەرپ نۇقتىئىنەزىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىمىز.

## ئىسلامدا دىن، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە تەسەۋۋۇرى

ئىسلام تەپەككۇرىدا دىن، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ مەنبەسى ئۇلۇغ ئاللاھتائالادۇر. ئاللاھتائالا شۇنداق بىر زاتكى، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ، ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھەمدە ئۇنىڭغا تەڭداش ھېچنەرسە يوق، پۈتۈن مەخلۇقات ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

مەزكۇر چۈشەنچىنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن تەتقىقات تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تۈپ ئۇقۇملارنى يورۇتىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ئىسلامدا دىن، ئىبادەت ۋە پەلسەپە چۈشەنچىسى، قەدىمقى ۋە دەۋرىمىزدىكى مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيە مېتودى قاتارلىقلاردۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھەق دىن ئىسلامدۇر. ئىسلام چۈشەنچىسىدىكى دىن بولسا «ھاياتلىق ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىدىغان قانۇن ياكى يولدۇر».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان) نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. لېكىن، ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن (يول ۋە شەرىئەتلەر) بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر(نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ».[1]

ئىسلام دېمەك، ئېتىقاد ۋە قانۇن دېمەكتۇر، يەنى، ئۇ بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى بەرپا قىلالايدىغان ئېتىقادىي تەپەككۇرغا ئىگە بىر دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقتىكى بارلىق پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان تۈزۈمدۇر، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ھەربىر دىن ھاياتنى باشقۇرغۇچى تۈزۈمدۇر، ھاياتلىقنى ئىدارە قىلىدىغان ھەر قانداق بىر تۈزۈم دىندۇر. بىر خەلقنىڭ ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، ئەقىدە بىلەن

[1] سۈرە مائىدە 48-ئايەت.

ئەمەلنى بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

مەزكۇر چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، ئىبادەت ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر، ئىنسان نەپسىدە يوشۇرۇنغان تۇغما ھېسسىيات ياكى تۇغما ئاڭنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەمما بۇ تۇغما ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تارىخنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرى ۋە ئوخشىمىغان ئىنسانلار توپىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ، ئېتقاد ئوخشىمىغانسىرى ئىبادەتمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ئىسلام مائارىپ مېتودىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى دەل ئۇنىڭ ئەسلىدە ئىبادەت مېتودى ئىكەنلىكىدۇر. ئىبادەت ـ يالغۇز ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكتىن بارلىق ئىشلاردا يالغۇز ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشتۇر... ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا باغلىنىشتۇر، مۇسۇلمان ئاللاھقا قەيەردە يۈزلەنسە، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ھېسابلىنىدۇ، دېمەككى، ئىبادەت ـ ھايات دېمەكتۇر.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ئۇقۇمى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتتىم».[2] «يەتتە قات ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارچە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ».[3]

رىزقىمىزنى دۈشمىنىمىزنىڭ ئاغزىدىن تىلەپ تاپىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمىزدا، بىز ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولالمايمىز، يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىك، ھەق ـ ھوقۇق، بەختەرلىك، رەھبەرلىك، يېتەكچىلىك ۋە غەلىبە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئىبادەتكە، ھەقىقىي توغرا دىندارلىققا باغلىقتۇر. بۇ ۋەجىدىن، ئىسلام مائارىپ مېتودىغا مەركەزلىشىشىمىز كېرەك.

ئىسلام تەسەۋۋۇرىدا كائىناتنىڭ ماھىيىتى غەيبىي ئىشلاردىن بولۇپ، بىز كۆزىمىز بىلەن شاھىد بولالمايمىز، ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كاتتا مۆجىزىسىدۇر، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلىك قۇدرىتىدۇر، ئاللاھ ئۇنى شۇنداق خالىغان، شۇنداق ياراتقان، شۇنداق تەقدىر قىلغان، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغان.

مەزكۇر چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسان ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇر، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشى كېرەكتۇر، ئىبادەت دېگىنىمىز ھەر زامان يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى، ئاللاھنىڭ پەرمانى ۋە قانۇنى بويىچە ھاياتلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاللاھ كائىناتنى ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى، بارچە مەخلۇقات ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، شۇڭا كىم بۇ دۇنيالىقنى تەرەققىي قىلدۇرسا، ئاخىرەتلىكنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان بولىدۇ، كىمكى دۇنياسىنى ۋەيران قىلسا، ئاخىرەتلىكنىمۇ نابۇت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ھاياتى مەنە ۋە مەقسەت بىلەن يارىتىلغان.

[1] سەييىد قۇتۇب: قۇرئاننىڭ سايىسىدا، ئونىنچى نەشرى، قاھىرە ـ بېيرۇت، دار ئەل شۇرۇق نەشرىياتى، ھىجرىيە 1403 ملادىيە1983 ـ يىلى.
[2] سۈرە زارىيات 48 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەت

بۇ خىل كۆز قاراش كىشىگە يەر يۈزىدە ئادالەتنىڭ بارلىقىنى، دۇنيانىڭ ئۆزگىچە خاس مەنە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، ھاياتنىڭ قانۇن ـ نىزام بىلەن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، تىلنىڭ پەقەت ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ، مۇقىم قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇلىدىغان سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىمالال ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھاياتلىق ـ ئىسلام تەسەۋۋۇرىدا ـ پەقەت يەككە شەخسنىڭ ھاياتىغا ۋەكىللىك قىلغۇدەك دەرىجىدە قىسقا مەزگىللىك ئەمەس. شۇنداقلا مەلۇم خەلقنىڭ زامانىغا خاس قىلىنغانمۇ ئەمەس، ھەم كۆنىمىزدىكى كىشىلەر تونۇيدىغاندىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ھايات ناھايىتى ئۇزۇن، ئالەمنى قاپلىغان بولۇپ، دۇنيا، ئاخىرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر[1].

بۇ خىل تەسەۋۋۇر كىشىلىك ھاياتقا مەنە قوشۇپ، بەندىنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشىغا، يارىتىلىشىدىكى ئاداققى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەلنى تۆلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

بۇ ئومۇمىي تەسەۋۋۇردىكى پەلسەپە ئىلاھ، كائىنات، بەندە ۋە ھاياتلىقنىڭ قانداقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماقتۇر. ئىسلام پەلسەپەسى ئىلاھ، كائىنات، بەندە ۋە ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئۆزگىچە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا پەلسەپەسى مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا، فىرانسىيە پەلسەپەسى پىراگماتىزمنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ قالغان. ماركسىزىم پەلسەپەسى بولسا ئەلۋەتتە ماركسىزمچە قاراشلىرىنى ئاساس قىلغان.

دېمەككى، ھەرقانداق پەلسەپەۋي چۈشەنچە ئىلاھ، كائىنات، ئىنسانىيەت ۋە ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئۆزگىچە خاس تەسەۋۋۇرلار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ھەربىر پەلسەپە ئېقىمى ئۆز ئىدىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەربىيەۋىي، ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي غايىگە ئىگە بولىدۇ.

پەلسەپە بىلەن دىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەلسەپە دىننىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىلىم پەننىڭ مەنبەسى بولۇپ، دىن پەلسەپەگە يول ئاچقان، پەلسەپە بولسا ئىلىم ـ پەننى بارلىققا كەلتۈرگەن. پەلسەپە تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قەدىمدىنلا دىن بىلەن پەلسەپىنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا پەلسەپىنىڭ دىنىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئاساسىي نەزەرىيەلىرىنى دىندىن ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

دىنلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەلسەپە چۈشەنچىسى پەرقلىق بولىدۇ، ساماۋى دىنلارنى مەنبە قىلغان پەلسەپە مۇقىم خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىرىشچان ئۇقۇملار ئۆزگەرمەس نەزەرىيەنى چۆرىدەپ ئۆزگىرەيدۇ، ئەمەلىيەت نەزەرىيەنى ئاساس قىلسا، نەزەرىيە ئەقىدە، ئېتىقادنى ئاساس قىلىدۇ. توقۇلما دىنلارنى مەنبە قىلغان پەلسەپە چۈشەنچىلىرى مەڭگۈ ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل پەلسەپەلەر مائارىپ ۋە پىسخولوگىيە بىلىملىرىگە بىر پۈتۈن سىڭىپ كىرىش

[1] سەييد قۇتۇب: «بۇ دىنىنىڭ كەلگۈسى»، بېيرۇت، قاھىرە، دار ئەل شۇرۇق نەشرىياتى، ھىجرىيە 1406 ـ مىلادىيە 1986 ـ يىل، 31 ـ بەت.

ئارقىلىق زىددىيەتلىك نەزەرىيەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەتتا مۇستەبىتلەرنىڭ پىلانلىشى بىلەن ماتارىپ ئەندىزىمىزگە ئايلاندۇرۇلغان.[1]

ئىسلام پەلسەپەسى بىلىم ـ مەرىپەت، ھېكمەت ۋە ئەقىل پاراسەتكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئىسلام تەسەۋۋۇردىكى ھېكمەت ئەقلىنىڭ ئەڭ سۈزۈك تامچىسىدۇر، پەلسەپىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان ھېكمەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، ھاياتلىقنى ئىلاھىي يول بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ يەكۈنىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھېكمەتنى (ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ.»[2]

بۇ خىل تەسەۋۋۇر بويىچە ئېيتقاندا، ماتارىپ قائىدە ـ پرىنسىپ ۋە تۈرلۈك ئۇسلۇبلاردىن تۈزۈلگەن مۇستەھكەم سىستېما بولۇپ، ئىسلام تەسەۋۋۇردىكى ئىلاھ، كائىنات، ئىنسانىيەت، ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنى ئۆزىگە ئانا ئۇقۇم قىلغان ئاساستا، يەر يۈزىدە خىلافەتنى بەرپا قىلىش سالاھىيىتىگە لايىق كىشىلەرنى ھازىرلايدۇ.

تەربىيە سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز:

بىرىنچىسى، ئۆسمەك، كۆپەيمەك، ئاشماق.

«سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ، (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمىزدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ). ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار)غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ».[3]

ئىككىنچىسى، پەيدا بولماق، ئۆسۈپ يېتىلمەك.

ئۈچىنچىسى، پەرۋىش قىلماق، تەربىيەلىمەك، باقماق، ئىدارە قىلماق.

بەزى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى يۇقىرىقى مەنىلەرگە ئاساسلىنىپ تەربىيە سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە تەبىرلەرنى بەرگەن:

ئىمام بەيزاۋى مەشھۇر تەپسىر كىتابىدا مۇنداق تەبىر بەرگەن: تەربىيە دېگەن سۆز ئەسلىدە تەربىيەلىمەك، پەرۋىش قىلماق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ماتارىپتىن مەقسەت ئەقلىنى ئاستا ـ ئاستا كامالەتكە يەتكۈزۈش بولۇپ، ئاللاھ تائالا «رەب»كەلىمىسىنى قوللىنىپ مەنىنى جانلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.

[1] ئەلى ئەھمەد مەدكۇر: «پېداگوگىكا بىلىمىدە مېتود نەزەرىيەلىرى»، قاھىرە، دار ئەل فىكىر نەشرىياتى، تۈنجى باسما، 1427 ـ يىلى، مىلادىيە2006 ـ يىلى، 3 ـ بەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 269 ـ ئايەت
[3] سۈرە رۇم 39 ـ ئايەت

ئىسفاھانىنىڭ «سۆزلۈكلەر» كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «رەب» سۆزلۈكى ئەسلىدە تەلىم-تەربىيە مەنىسىدە بولۇپ، ئەقلىنى يېتەكلەپ قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىشكە ھازىرلاش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا يول ئېچىشتۇر.

ئەللامە ئالبانى مەزكۇر مەنىلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يەكۈنگە كەلگەن[1]: تەلىم-تەربىيە بىر يۈرۈش ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەبىئىتىنى قوغداپ ئالاھىدە پەرۋىش قىلىش.

ئىككىنچىسى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇغما تالانتىنى بايقاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلارنىڭ تالانتىنى تۆۋەن چاغلاپ قالماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچىسى، ھەربىر مائارىپچى ئاللاھ تائالا بەرگەن ئالاھىدىلىكىنى، خاسلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش كېرەك.

تۆتىنچىسى، مائارىپچىلار ساغلام تەبىئەت ۋە تالانتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆز كەسپىگە كىرىشىپ، يەر يۈزىدە خەلىپىلىكنى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

بەشىنچىسى، بۇ جەرياندا تەدرىجىي يېتەكلەش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئەللامە بەيزاۋى «تەدرىجىي» دەپ ئىپادىلىگەن بولسا، ئىسفاھانى «ئەھۋالغا قاراپ ئاستا-ئاستا» دەپ ئىپادىلىگەن.

يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن تەلىم-تەربىيەنى چۈشىنىشتىكى بىر قانچە مۇھىم ھاسىلاتلارغا ئېرىشىمىز:

بىرىنچىسى، تەلىم-تەربىيە نىشانلىق پائالىيەت بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا شۇنداقلا جەمئىيەتتە مائارىپنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ روياپقا چىقىرىلىشىنى ئۆزىگە ئاداققى غايە قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئەڭ توغرا مائارىپچى ئاللاھ تائالادۇر، ساغلام پىترەتنى ياراتقۇچى، ئىقتىدار، تالانت ئاتا قىلغۇچى، تالانتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشى ۋە ماھىرلىششى ئۈچۈن قانۇنىيەت ياراتقۇچى زاتتۇر، تالانتنىڭ كامالەتكە يېتىشى، ئۆز قىممىتىگە ئېرىشىشى، بەختكە چۆمۈشى ئۈچۈن شەرىئەت يولىغا قويغان زاتتۇر.

ئۈچىنچىسى، مائارىپ مېتودى ئىلاھىي مېتود ۋە شەرىئەتكە باغلىق بولغىنىدەك، مائارىپچىنىڭ خىزمىتىمۇ ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانىغا قاراشلىقتۇر.

تۆتىنچىسى، تەلىم-تەربىيە بىزنىڭ ئىمان-ئېتىقادىمىزنىڭ جەۋھىرىدۇر، بىز ئاللاھنىڭ

[1] ئابدۇراھمان ئالبانى: «ئىسلام نۇرىدا مائارىپنىڭ مۇقەددىمىسى»، 4-توم، پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتى، سەئۇدى ئەرەبىستان، رىياد 1-38-بەتلەر.

ئاللاھ ئىككىلىككە ئىشەنمىمىز، چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى بەرپا قىلغۇچى ئىككىلىككە ئىمان ئېيتتۇق، شۇڭا نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بەشىنچىسى، مائارىپتا سىستېمىلىق تەلىم-تەربىيەنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن باسقۇچلۇق پىلان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تەلىم-تەربىيەنى ئالغا سىلجىتالايدىغان مائارىپ قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە، باسقۇچمۇ-باسقۇچ تەرەققى قىلىشىغا، ھەربىر باسقۇچتا كۆزلىگەن سەۋىيەگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مانا، بۇ باسقۇچلار تۆرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق تاماملىنىدۇ، ئىلىم-پەننىڭ غايە چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ماس ھالدا ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ھازىرلىنىدۇ.[1]

ئالتىنچىسى، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ كلاسسىك ئەندىزىسى ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك. شەك شۈبھىسىزكى، كلاسسىكچىلىق بىلەن چاغداشچىلىق ئوقۇمى بىر مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ.

ئەرەبچە قامۇسلاردا كۆز قاراشتىكى ئەسلىيلىك، كلاسسىكلىك ئۇنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى بىلەن ئۆلچەنسە، ئۇسلۇبتىكى كلاسسىكچىلىق ئۇنىڭ ئېھتىياجلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ، نەسەبتىكى ئەسلىيلىك ئىرقىغا تارتىشتا نامايەن بولىدۇ، ھەر نەرسىنىڭ ئەسلى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاساس تەركىبلىرىدۇر، يىلتىز تارتىش مەنبەسىدۇر، بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەسلى بولسا، يەكۈنلەر تايىنىدىغان ئاساس پرىنسىپلاردۇر. مانا بۇ خۇلاسىگە بىنائەن مائارىپنىڭ ئاساسى ئۆزىنى شەكىللەندۈرگەن كلاسسىك، نۇقتىلىق قائىدە-نىزاملارغا تايىنىدۇ، زېمىننى كۆكەرتكەن يىلتىزىغا، مەنبەگە، قۇدرەتكە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

چاغداش مائارىپنىڭ مەقسىتىگە كەلسەك، ئۇ قوللىنىشقا تېگىشلىك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق زامان، ماكان ۋە شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا تەلىم-تەربىيەنىڭ ئاداققى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.[11]

بۈگۈن مەۋجۇت مائارىپ ئەندىزىلىرىگە قارىغىنىمىزدا، تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل سىستېمىنىڭ بىرىنى ئۆزگە تەلىم-تەربىيە پرىنسىپى قىلىدۇ: بەزى مائارىپ ئەندىزىسى ھازىرقى دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار زامان، ماكان ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا بېقىپ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش پەلسەپىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئاخىرىدا بۇ تۇراقسىز چاغداش مائارىپى پەلسەپىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، مائارىپتا خالىغانچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بىر خىل مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەسلى قائىدە-پرىنسىپلىرى، ئۆزگەرمەس

[1] ئابدۇراھمان ئەل نەھلاۋى: «ئىسلام مائارىپىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ئۇسۇللىرى»، دار ئەل فكر نەشرىياتى، 34-38-بەتلەر.

[11] ئابدۇلۋاھاب ئەلمەسرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا»، 1-بەت.

قىممەت قاراشلىرى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام مائارىپى چۈشەنچىسى بولۇپ، ھەر زامانغا ھەر ماكانغا مۇناسىپ پايدىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىلاھىي پەرمانلىرى بىلەن مۇسۇلمان شەخس تەربىيىلەش، مۇسۇلمان جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۆزىگە غايە قىلغان. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ:

«ھېكمەت مۇئمىننىڭ يۈتۈپ كەتكەن مۈلكىدۇر، شۇڭا ئۇنى قەيەردە تېپىۋالسا ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر».[1]

شۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، ھەربىر مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ كىلاسسىك ئەندىزىسى، ئەسلى مەنبەسى مەۋجۇد جەمئىيەتنىڭ ئاستى قۇرۇلمىسىنى كونترول قىلىۋاتقان پەلسەپە ئېقىمىدىن ئېلىنىدۇ. چاغداش ئەندىزىسى بولسا، زامان، ماكان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا بېقىپ، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇۋاپىق ئۇسۇل-چارە، توغرا تەسەۋۋۇر، تەپەككۇرنى شەرت قىلىدۇ.

ئىسلام مائارىپى ئەندىزىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا مەنبە بولىدۇ، مەسىلەن: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان شەخسنى تەربىيىلەش، ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن خەلىپىلىكنى بەرپا قىلغۇچى ئاۋانگارتلارنى تەربىيىلەش قاتارلىقلاردا. شۇنداقلا ئۆزگەرمەس، سابىت ئىلاھىي قىممەت قاراشقا ئۆلچەم، ماھىيەتلىك ئۇقۇملارغا مەنبە بولۇش بىلەن بىرگە، مەلۇمات، تەجرىبە، ماھارەت قاتارلىق تەرەپلەردە چاغداش مائارىپ ئەندىزىسىنىمۇ ھەم ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىنسانىيەتنى زامان، ماكانىنىڭ تەلەپلىرىگە ماس قەدەمدە دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان بىردىنبىر جانلىق دەپ قارايدۇ.

ئىسلامىي كىلاسسىك مائارىپ ئەندىزىسى-مائارىپچىلىق تەپەككۇرىنىڭ بارچە چۈشەنچىلىرى، پۈتۈن نەزەرىيەلىرى ئىسلامنىڭ دىن، دۇنيا، بەندىچىلىك، ھاياتلىق قاراشلىرى بىلەن ماسلاشقان تەلىم-تەربىيە سىستېمىسىدۇر. مانا بۇ پىرىنسىپلار ئىسلام مائارىپى تەسەۋۋۇرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، تۈرلۈك ئۇسلۇبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## غەربتە دىن، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە تەسەۋۋۇرى

غەرب تەپەككۇرىدا دىن، مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە چۈشەنچىلىرى ماددىزمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەزكۇر تەسەۋۋۇر بويىچە ئىلاھ بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقان، ئۇلار بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، بىر-بىرىگە شۇ قەدەر چاپلىشىپ كەتكەنكى، ئىلاھ بىلەن مەخلۇقات قوشۇلۇپ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنغان، يەنى ئېينىشتېيىننىڭ دېگىنىدەك ئىلاھ ۋاپات بولغان.

مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە دىرسىلكلىرىمىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان غەرب مەدەنىيىتى ئىلاھ، كائىنات، ئىنسانىيەت، ھاياتلىق ھەققىدىكى ماتېرىيالىزم تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىككى

[1] تىرمىزى ئۇنى ئۆزىنىڭ «سۈنەن»، «ئىلىم بابى»، «ئىبادەت مەسىلىلىرىدە قانۇنشۇناسلىقنىڭ پەزىلىتى» قاتارلىق بابلاردا نەقىل قىلغان، 2687-نومۇر، 417/4.

خىل نەزەرىيەگە تايىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرى، ئورگانىك مودېلدۇر. بۇ نەزەرىيە دىققەتنى ئاساسلىقى ماددىغا قارىتىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، جانلىق مەۋجۇداتتەك بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ مەڭگۈ ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇكى، كائىناتتا ئۇنى ماڭدۇرىدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، يارىتىدىغان، يوقىتىدىغان كۈچ ئۆزىدىكى ئورگانىك قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ. بۇ مودېلدىن سېستېما ئانالىزى ئۇقۇمى پەيدا بولغان. شۇنداقلا، گېشتالت چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن. يەنە بىرى، مېخانىكىلىق مودېلدۇر. بۇ نەزەرىيە ماشىنا ھەرىكىتىنى تەقلىد قىلغان بولۇپ، بۇ چۈشەنچىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئالەم مەڭگۈ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ ماددا ھەرىكىتى ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان تاشقى كۈچ بار. شۇڭا ئالەم سائەتكە ئوخشايدۇ، ئۆزى ئايلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، سىرتقى ئامىل بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. ئەمما ھەرقانداق ماشىنىنىڭ تۇنجى ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن ئەقىل ياكى باشقا باشقۇرغۇچىنىڭ كونتروللۇقىغا تايانمايلا ھەرىكەتلىنىدۇ». ئىلمانىزىم بۇ مودېلنى ئاساس قىلغان.[1]

مەزكۇر ئىككى ئەندىزە قارىماققا بىر-بىرىگە زىت بولسىمۇ، ماتېرىيالىزملىق ماھىيەت نۇقتىسىدىن يەنىلا بىر-بىرىنىڭ ئىدىيەسىنى ياقلايدۇ. ئۇلار ماسلىشىش ۋە بىرلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، ئۇيۇشۇش مەنبەسىنى، ھەرىكەت ۋە يۆنىلىش مەنبەسىنى ھەل قىلىدۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ماددىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكىنى، بىردىنبىر مەنبە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنسان ھەر ئىككى خىل ئەندىزىدە ماددىدىن ئىبارەتتۇر، ئۇ بارچە ماددىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇ ئۆزىدىن چوڭ ياكى ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىلاردا ئاپتوماتىك ئايلىنىدۇ ۋە ئورگانىك سىستېمىلاردا ئورگانىك ئايلىنىدۇ، ئەمما ئىنسان ھەر ئىككى ئەھۋالدا كۈچسىز، ئىرادىسىز جانلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مودېرنىزم تەسەۋۋۇرىدىن قارىغاندا، ماتېرىيالىزم-ماددىنى ئىلاھلاشتۇرۇش چۈشەنچىسىدىن پەيدا بولغان، شۇڭا بۇ قاراش ئىنساننى ماددىنىڭ ئۆزى ۋە ماددىدىن يارىتىلغان، ماددا ياراتقان، شۇڭا تەبىئەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە تەبىئەت بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ؛ ئىنسانىيلىقتىن مۇستەسنا، روھسىز، يەككە، ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە ئەمەس، ئىرادە ئەركىنلىكى يوق دەپ قارايدۇ.

شۇنداقلا، مەدەنىيەت، قىممەت قاراش، ئىدىيە، جەمئىيەت قاتلىمى دېگەندەك ئۇقۇملاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ماددىزم دۇنياسىغا غەرق قىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنساننى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان، تۆرەلمە ھالىتىگە قايتۇرىدۇ، گاس، گاچا، قارشىلىقنى بىلمەيدىغان، ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان جانسىز تەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.[2] مودېرنىزمدىن كېيىن دوگما مېخانىكىلىق ئورگانىك قاراشتىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنىڭ

[1] ئابدۇلۋەھھاب ئەلمەسىرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا»، 7-بەت.
[2] ئابدۇلۋەھھاب ئەلمەسىرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا»، 29-بەت

قالدۇقلىرى ئاساس قۇرۇلمىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى، ئۆزلۈكىنى يوقاتقانلىقىنى، تېمىنى، ئىدىيەنى، مەنبەنى يوقاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەتىجە، ئىنسانىيەت ئۈچۈن راھەتبەخش، ئەركىنلىك ئاتا قىلىش بولماستىن، بەلكى مەنبە، يىلتىزنى يۈتتۈلەي بەربات قىلىپ، ئەسلىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىككىلەمچى نەرسىلەردە گاڭگىراپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتۇر.[1]

ئېلمانىزىم ۋە پوست مودېرنىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ئاساسلىق ئوبرازى دىندارلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن بىرىككەن، ئىرادە ئەركىنلىكى بار بولغان بەندە بولماستىن، بەلكى سۈپېرمەندەك (خاسىيەتلىك ئادەم) بارچە ئىلاھلارغا قارشى تۇرىدىغان، ھەتتا ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدىغان خاسىيەتلىك ئادەم سۈپىتىدۇر ياكى ئۇ سۈبماندەك ئىنسانىيلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىكى مەخلۇقتۇر. يەنى، دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوبرازلارنى خىيال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، تارزان، شەپەرەڭ پالۋان، رامبو، دراكۇلا ۋە جىنسىي ئېزىقتۇرغۇچىلار[2].

قانداقلا بولمىسۇن، غەرب تەسەۋۋۇرى كىلاسسىك ئەندىزىسىدىن ئالەمشۇمۇل تۇراقسىزلىققا، مودېرنىزمدىن پوست مودېرنىزمغا يۈتكىلىپ، ئەركەكلىكتىن خەنەكلىككە، ئەرلىكتىن ئاياللىققا، رومانتىكلىققا دۇم چۈشتى. مەسىلەن، بۇنىڭ تىپىك ئوبرازلىرىدىن مادوننا، مايكېل جېكسون قاتارلىقلار ئەدەپ ـ ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىشقا ئاز بەدەل تۆلىمىگەن.[3]

شۇنىسى ھەقىقەتكى، يۇقىرىقى ئىدىيە بويىچە دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان كۈچ ئادالەت ئەمەس، بەلكى دارۋىن نەزەرىيەسى بولۇپ، ھەر قانداق ئەدەپ ـ ئەخلاق ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە قوللانغان قورالىدۇر، زېمىندا قانۇن يوق، پەقەت زىددىيەتلىك تۈزۈملەر بار، ھەر قانداق كىشى قېرىندىشىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئەڭ ئالىي قىممەت ئەبەدىي ھاياتتۇر، زىددىيەتنى ھەل قىلىدىغان قورال كۈچتۇر، شۇڭا ئىنسانلار ئىچىدە تىل ئالاقە قورالى ئەمەس، بەلكى كۈچ تەڭپۇڭلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر، سۆز مەنىسىنى پەقەت كۈچلۈكلەر بەلگىلەيدۇ، تەبىئەت قانۇنىنى كونترول قىلىدۇ، بۇ دۇنيادا باشقا مەنە ۋە غايە مەۋجۇد ئەمەس.[4][5]

ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش خاھىشى ئىلمىيلىك تونىغا ئورىنىۋالغان شەخسلەردە ياكى ئورگانلاردا كەڭ تارقالغان ئەھۋال بولۇپ، ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار ئوخشىمىغان ساھەلەردىكى تەتقىقاتنى قىممەت قاراش، ئەدەب ـ ئەخلاق تېمىلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىلىم ـ پەن ئىنساندىن يۈتتۈلەي يىراق بىر نەرسە بولۇپ، تەبىئەت قانۇنىيىتىدە، ماددىزىم چۈشەنچىسىدە ئەخلاقتىن سۆز ئېچىشقا قەتئىي بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، ماتېرىيالىزىملىق ھاياتلىقتا تىلغا

[1] ئابدۇلۋەھھاب ئەلمەسىرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا»، 43 ـ بەت
[2] ئابدۇلۋەھھاب ئەلمەسىرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا».
[3] ئابدۇ ئابدۇلۋەھھاب ئەلمەسىرى: «تىل ۋە مېتافورا: تەۋھىد بىلەن مەۋجۇدلۇق ئوتتۇرىسىدا»، 45 ـ بەت
[4] مىلادىيە 20 ـ يىلى، 34 ـ بەت.
[5] ئەلى ئەھمەد مەدكۇر: «پېداگوگىكا بىلىمىدە مېتود ئاساسلىرىنىڭ قوللىنىلىشى»، قاھىرە، دارۇل پىكىر نەشرىياتى، 10 ـ باسما.

ئالغۇدەك قىممەت قاراش نېمە قىلسۇن! بىز بىر ئىقتىسادىي ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، چوقۇم ئىقتىسادىي ئۆلچەملەرنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك، سىياسىي ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، چوقۇم سىياسىي ئۆلچەملەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا چوقۇم ئېستېتىك ئۆلچەمنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق قىممەت قاراشتىن، ئىنسانىي ئۆلچەمدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلمىغاندا تەتقىقاتتا سۇبيېكتىپچانلىققا تايىنىش يۈز بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ھەرىكىتىنى ئەخلاق ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلاردىن ئايرىش نەتىجىسىدە، دىنىي ۋە ئىنسانىي مەنبەلەر غۇۋالاشتى، ھەتتا جەمئىيەتتىن يىراق قىلىندى، ئاخىرى بەشەرىيەت بىلىملىرى تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇ تەسەۋۋۇر ئىسلامغا، ئىنسانىيەتكە دۈشمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم-پەننىڭ ئۆزىگىمۇ قارشى چىقىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ ۋەزىپىسى قىممەت يارىتىش ياكى بىزگە چەكلىمە بەلگىلەش ئەمەس، بەلكى بىزگە دۇنيانى چۈشەندۈرۈشتۇر، ئەمما بۇ خىل قاراش ئىنسانىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئىنسان بىلەن ماددىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، بەلكى ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدە دەپ قارايدۇ، ئىنسان تەبىئەتكە بويسۇنغۇچى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەپسۇسكى ھەقىقەت باشقىچە بولۇپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، ئىنساننى ماددىغا ئوخشاش پارچىلاشقا بولمايدۇ، ھەربىر قىسمىنى يەنە بىرىدىن ئايرىپ شەرھلەشكە بولمايدۇ.[1]

ھەقىقەت شۇكى، دىن، مائارىپ، پسىخولوگىيە ۋە تىل تەسەۋۋۇرى ئۆز ئارا باغلىنىشلىقتۇر. شۇنداقلا ئۇلار ئىنسانىي ئالاقە نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەندۇر، شۇڭلاشقا سىياسىي، ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنى دىنىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قىممەت قاراشلاردىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس.

## ئىسلام ۋە غەرب تەسەۋۋۇرىدا ئىنسان

ئىسلام تەسەۋۋۇرىدىكى پسىخولوگىيە ئىلمىدە ئىنسان نەپسى ئۇنىڭ بىر پۈتۈننى كۆرسىتىدۇ، روھ بولسا، نەپسىنىڭ ئەسلىسى ۋە ماددىسىدۇر، شۇڭا ئىنسان نەپسى روھ بىلەن جىسمىدىن بىرىككەن دەپ قارايدۇ.[2][3]

ئىنسان نەپسى يەككە بولۇپ، ئۈچ خىل ھالەتتە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ناھايىتى تىنچ، خاتىرجەم بولسا، بەزىدە ناچارلىققا، يامانلىققا مايىل بولىدۇ، بەزىدە قاخشايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلامدىكى نەپسى بىرلىكى ئىنساننى جىسمى بىلەن روھىنى قوشۇپ بىر پۈتۈن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، نەپس دېمەك ئىنسان دېمەكتۇر، روھ گەرچە مۇستەقىل بىر جان

[1] ئىبنى كەسىر تەپسىرى، 2\61.
[2] 130 ـ بەت.
[3] مۇھەممەد رىشاد خەلىل: «ئومۇمىي ئىسلام پسىخولوگىيەسى ۋە مائارىپ» ـ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ـ كۇۋەيت، دارۇل قەلەم.

بولسىمۇ، جىسمىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەم روھ جىسمىغا پالانغانمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك نەپسىمۇ روھ بىلەن جىسمىدىن خالىي ھەرىكەت قىلالمايدۇ.

غەرب تەسەۋۋۇرىدىكى پسىخولوگىيە ئىلمىگە كەلسەك، ئىنساندا يارىتىلغان نەپس بولمايدۇ، بەلكى ماددىنىڭ ئۆزلۈكسىز ھەرىكىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان نەپسى بولىدۇكى، بۇ شەرت ـ شارائىت ۋە تاشقى ئامىللار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. يەنى، ئىنساننىڭ نەپسىنى شەرت ـ شارائىت دېگەندەك تاشقى ئامىللار بارلىققا كەلتۈرگەندۇر. فرويىد قاتارلىق بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە نەپس ئەسلى مەن، مەن ۋە ئۈستۈن مەندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇلار ماددا ھەرىكىتىنىڭ بىۋاسىتە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇ كىشىلەر تەبىئەتتىن باشقا نەپس مەنبەسىنى تاپالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە روھ بىلەن ئەقىل يارىتىلغان ئەمەس. ئىسلامىي تەسەۋۋۇردىكىگە ئوخشاش نەپسمۇ ئۆز پىترىتى، خۇسۇسىيىتى بىلەن روھ ۋە جىسمىدىن بىرىككەنمۇ ئەمەس.[1]

ئەمما ئىسلام تەسەۋۋۇرىدىكى ئىنسانغا كەلسەك، ئۇ ئاللاھنىڭ قۇلى، كائىناتنىڭ پادىشاھى، لايدىن يارىتىلغان، ئۇنىڭدا ئاللاھ تەرىپىدىن پۈۋلەنگەن روھ بار. دېمەككى، ئىنسان ئوخشىمىغان ئىككى ئېلېمېنتتىن بىر گەۋدە قىلىنغان بىر مەخلۇقتۇر. ئىنسانغا ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا ماس ھالدا يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت زېمىن خەلىپىلىكى ئەھدى قىلىنغان. ئىنسان كۆكتىن چۈشكەن روھ بىلەن جانلىق ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىنسانىيلىقى ئاللاھنىڭ روھنى پۈۋلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن، ئاندىن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن. مانا بۇ ئىنساننىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كائىنات ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ ئىنئامىدۇر.

بۇنىڭ دەلىلى سۈرىتىدە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كامالىي پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن قۇدرىتى ئىلاھىيەتنى تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەر باردۇر.»[2]

«زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى، زىرائەتلىرىڭلارنى چارۋا ـ ماللىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى.»[3]

بەندە تەقۋادارلىقنىڭ يۈكسەك ماقامىغا يەتكەندە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئېسىل ھالىتىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئەھۋالدا ئەڭ ساغلام تەبىئەتلىك، ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي كامالىتىدە بولىدۇ، ئەڭ راستچىل بولىدۇ.

[1] ئەلى ئەھمەد مەدكۇر: «پېداگوگىكىدا مېتود ۋە نەزەرىيەلەر»، قاھىرە، دارۇل پىكر نەشرىياتى، تۆتىنچى باسما، 1427. مىلادىيە 2006 ـ يىلى، 166 ـ بەت.
[2] سۈرە جاسىيە 13 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 15 ـ ئايەت.

بەندىنىڭ ئەقلى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىكى بىرىنچى ئامىلدۇر، ئەقىل ئىنساننىڭ شەرىپى ۋە ئىمتىيازىنى بەلگىلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.[1]

ئەرەب دۇنياسىدىكى، جۈملىدىن، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلمىي ئورگانلاردا دىنىي بىلىملەر ئىسلام تەسەۋۋۇرىدىكى بۇ خىل پىسخولوگىيەلىك چۈشەنچە ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىدۇ.

## مائارىپ ۋە پىسخولوگىيە بىلىملىرىنى غەرب تەسەۋۋۇرىغا تاپشۇرۇش

فرانسىيەنىڭ مىسىرنى، جۈملىدىن ئەرەب دۇنياسى ۋە ئىسلام ئالەمنى ئىستېلا قىلىشى بىلەن تەڭ، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيتىگە مودېرنىزمنى سىڭدۈرۈش ھەرىكىتىمۇ ئەۋج ئالدى.

مۇستەملىكچىلىك ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ ئورنىغا ئىلمانىزمنى دەسسىتىشتە مائارىپقا تايانغاندى. مىلادىيە 1806 ـ يىلى بۇ ھەرىكەتكە يانتاياق بولغان مىسىر ۋالىسى مۇھەممەد ئەلى ئىلمانىزمنىڭ ئۇۋىسى ھېسابلىنىدىغان فرانسىيە مەكتەپلىرىگە نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئىلمانىيلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن مىسىرنىڭ رەسمىي مائارىپ سىستېمىسى ئەزھەر مائارىپىدىن غەرب مېتودى ئاساس قىلىنىدىغان ئاتالمىش چاغداش مائارىپقا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام مائارىپى بىر پۈتۈن تاشلىنىۋېتىلدى، ئىلاھىيەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى قىيىنلاشتى. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپلا ئەرەب دۇنياسىدا دۇنيالىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دىنىي مېتود ئاساسىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، زەيتۇنە ئۇنىۋېرسىتېتى، قەرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەرگە قارشى دىن بىلەن ھاياتنى ئايرىشقا تەۋسىيە قىلىدىغان بىر مائارىپ ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ تۈزۈم مەزكۇر دۆلەتلەردە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ رەسمىي مائارىپ سىستېمىسىغا ئايلاندى.

مودېرنىزم بۇ كۈنلەردە زىيالىيلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئالقىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا لېكسىيەچىلەرمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، ئاخبارات ساھەسىمۇ كۈچەپ تەشۋىق قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، مېدىيا غەرەزلىك، پۇختا تەييارلىق بىلەن خەۋەرلەرنى تارقىتىشقا باشلىغانىدى.

مودېرنىزمنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ يېڭىلىققا يۈزلىنىشكە چاقىردى، نەتىجىدە، كىشىلەر زامانىۋى كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئىسلامدىن يىراق تۇرۇش كېرەك دېگەن يەكۈنگە كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك قىممەت قاراشلىرىغا قارشى تۇردى، جۈملىدىن دىنىي بىلىملەرگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشى چىقتى.

[1] ئەلى ئەھمەد مەدكۇر: «پېداگوگىكا بىلىمىدە مېتود نەزەرىيەلىرى»، قاھىرە، دارۇل پىكىر نەشرىياتى، تۆتىنچى باسما، ھىجرىيە 1427 ـ
يىلى، مىلادىيە 2006 ـ يىلى، 45 ـ بەت.

ئۆز ۋاقتىدا مودېرنىزمچىلار كىلاسسىك ئەسەرلەردىن پەقەت كالام ئىلمى بىلەن ئايىغى چىقماس زىددىيەتلىك پىكىرلەرگىلا قىزىققانىدى.

مودېرنىزمچىلار ئىسلامنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمغان. ئەڭ مۇھىمى، رازىدەك، ئىبنى نەفىستەك، بىرۇنىدەك، تۇسىيدەك، خارەزمىدەك ۋە ئۆمەر ھەييامدەك ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئىنكار قىلغان.

ئىلمانىزم مەشھۇرلىرى يېزىقچىلىق ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئورتاق تىلنىڭ ئورنىغا شۇ ۋە قوللىنىشقا چاقىرىپ، شۇنىڭ ئاساسي ئورۇنغا چىقىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىمۇ زامانىۋىلىققا تەشەببۇس قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. مەشھۇر يازغۇچىلار ئىنگلىزتىلىدا، فىرانسۇز تىلىدا ۋە ئىتالىيە تىلىدا بەس-بەستە ئەسەر يېزىشقا باشلىدى. بۇ ھەرىكەتلەر غەربنىڭ قۇرۇلمىچىلىق، چۈۋۈمچىلىق ۋە ئانالىز مېتودى قاتارلىق نەزەرىيەلىرى بىلەن ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ھەرىكىتىنىڭ جانلانغان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ جانلىنىش ئەرەب دۇنياسىغا تارقاشقا ئۆلگۈرمەيلا بەربات بولغانىدى.

غەربتە زامانىۋىلىق دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مودېرنىزم باشلانغاندا، مەرىپەتنى ئۆتمۈشتىن ئايرىۋېتىش تەرەپدارلىرى زامانىۋىلىقنى تېخىچە قوبۇل قىلمىغان كىشىلەرگە مودېرنىزمنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەيدىغان گەپ تاپالماي قېلىشقانىدى![1].

## مائارىپ، ئەقىل ۋە مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرۈش

بەزى مائارىپچىلار غەرب مائارىپى بىلەن ماتېرىيالىزم مەكتەپلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتچىلىك ئېقىمىنىڭ تۈپراقلىرىدا كۆكلىگەن كۆچەتنى قارىغۇلارچە توشۇپ كېلىش ئارقىلىق، ئىسلام دۇنياسىدىكى زامانىۋىلىششنى زاكىسىدىلا تۇنجۇقتۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، ئىنسانىيلىق، دىندارلىقنىڭ بۆشۈكى بولغان ئەرەب تۈپراقلىرىدا ئۆستۈرمەكچى بولۇشتى، نەتىجىدە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بەربات بولدى.

گەرچە سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقدا تەلىم-تەربىيە پەقەت ئۆز تۇپرىقىدا كۆكلەيدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قولىدىلا گۈللەپ ياشنايدۇ دەپ قارالسىمۇ، مائارىپ مودېرنىزمچىلىرى تەلىم-تەربىيە، پىسخولوگىيە، مېتودچىلىق، پېداگوگىكا قاتارلىق بىلىملەردە غەرب ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشكە، يېتىشتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. گەرچە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدا يوغان ھاڭ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بۇ مەلۇماتلارنى مەجبۇري قويۇشقا باشلىدى. بارغانسېرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىماي قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، نەتىجىدە مەكتەپلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ بولمىدى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش بەك ئەھمىيەتلىك ئىشتەك بىلىنمەس بولدى،

[1] مۇھەممەد رىشاد خەلىل: «ئومۇمىي ئىسلام پىسخولوگىيەسى ۋە مائارىپ» -سېلىشتۇرما تەتقىقاتى-كۇۋەيت، دارۇل قەلەم، 1987-يىلى، 114-بەت.

شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىمتىھانى تېخىمۇ قىيىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇنىۋان، دىپلوم دېگەندەك نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى قىيىن بولدى، مائارىپىمىز ئاخىرى بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ يولنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپچىلار غەرب مائارىپى ئەندىزىسىنى قوللاندى، ئىسلام مائارىپى ئەندىزىسىدىن ۋاز كەچتى، ھەمدە ئىسلام تەسەۋۋۇردىكى پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىنمۇ يۈز ئۆردى، قەدىمىي يادىكارلىقلىرىمىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ھەر يەردە بايقۇت قىلدى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەرقايسى توپلاملىرىنى سېرىق تاشلىق كىتاب دەپ ئاتىغان بولسا، ئوقۇپ پايدىلىنىشنى قالاقلىق دەپ ھېساپلىدى، كونىلىقتىن قۇتۇلالماسلىق دەپ چاغلىدى! مائارىپ ساھەسىدىكى مودېرنىزمچىلار بىزنى زامانىۋىلىشىش پۇرسىتىدىن مانا مۇشۇنداق قىلىقلىرى بىلەن مەھرۇم قىلدى. ئاۋۋال قىممەت قاراشلىرىمىزنى، ئۆزلۈكىمىزنى قوغدايدىغان، ئاندىن كائىناتقا، ئىنسانىيەتكە يۈرۈش قىلىدىغان تەجرىبىلەردىن ئايرىدى. نەتىجىدە بىز بىرلا ۋاقىتتا ھەم كىلاسسىك ھەمدە چاغداش مائارىپ ئەندىزىمىزدىن مەھرۇم بولدۇق.

مىلادىيە 1798-يىلى ناپالېئوننىڭ مىسىردىكى باستۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىغا تۇنجى قەدەمدە كىرىشكە باشلىغان ئىلمانىزم مائارىپى ئەندىزىسى، زېمىننى مۇستەملىكە قىلىپ تەبىئىي بايلىقلىرىنى چاڭگىلىغا ئالغاندىن سىرت، خەلق ئىدىيەسىنى نىشانلىغان بولۇپ، كالالا يۇيۇپ ئۆزلۈكىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ۋە ئىلمانىيلاشتۇرۇش سېپىگە قوشۇلغان يېڭى دۈشمەن بولۇپ قالغاندى.

ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە، مىسىردىن ئىراققىچە غەرب مۇستەملىكىسىدە بولغان ھەربىر ئىسلام دۇنياسىغىچە، ئىلمانىزم جېدىلى دىنىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ھاكىمىيەت، جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات ساھەلىرىگىچە ئارىلىشىپ، دۆلەت قانۇنلىرى شەرىئەت ئورنىغا قويۇلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇممەت ھېلىھەم بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە ياشىماقتا.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مائارىپ پسىخولوگىيە بىلىملىرىنىڭ تەتبىقاتى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەيدانى بولسىمۇ، ئىسلام مائارىپى تەسەۋۋۇرى غەربنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. سەۋەبى، غەرب پسىخولوگىيە تەسەۋۋۇرى ئىنسان بىلەن نەپسىنىڭ ماھىيىتىنى باشقىچە چۈشەنسە، ئىسلام پسىخولوگىيە تەسەۋۋۇرىمۇ ئۆزىگە خاس مېتود بىلەن تەتقىق قىلىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆگىتىۋاتقان غەرب تەسەۋۋۇردىكى پسىخولوگىيە بىلىملىرى ئىش-ھەرىكەتچىلىك، گېشتالىت ۋە پسىخىك ئانالىز ئېقىمدىكىلەرنىڭ ۋە بۇلاردىن باشقا ماددىزمچىلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى تەتبىقلاشنى ئاساس قىلغان. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننى مەخلۇق دەپ قارىمايدۇ، بەلكى روھدىن، ئىنسانىيلىقدىن، ئەخلاقدىن مۇستەسنا قۇرۇق جىسىم دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ئېقىملارنى ياقلايدىغان مائارىپ ئەندىزىسى، تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرىدە مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئىش-ھەرىكەتچىلىك، ئەبەدىي غايە ۋە نەتىجە ئامىللىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان تۇغما پىترەت ۋە ئىستەكلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك. بىز ئىنسان پىترىتىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىر نەچچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچىسى، بەندە تۇغما پىترىتى بىلەن ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە رەببىم دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىنساننىڭ تۇغما پىترىتى ئارىلاشما مىجەزلىكتۇر.

«نەپسى بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ».[1]

ئۈچىنچىسى، بەندە ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ مايىل قىلىپ يارىتىلغان.

تۆتىنچىسى، ئىنسان نەپسى ئۆز تەبىئىتىنىڭ يېغىندىسى بولۇپ، نەپسى ئادەتتە ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ، بەزىدە كىشىنى خاتىرجەم قىلسا، گاھىدا ۋەسۋەسىگە سالىدۇ، بەزىدە مالامەت قىلىدۇ.

بەشىنچىسى، بەندىگە ئاڭلىق يوشۇرۇن كۈچ ئاتا قىلىنغان بولۇپ، ياخشى ـ يامانى ئەركىن تاللىيالايدۇ.

ئالتىنچىسى، بەندە ھەر قاچان ئىختىيارى ھەركەت قىلالايدۇ، شۇڭا مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت سورۇشتە قىلىنىدۇ. ئىنسان تۇغما تەبىئىتى بىلەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان. دېمەسمۇ، ئاللاھ بەندىنى ئەڭ ئېسىل ھالەتتە ياراتقان ئەمەسمۇ؟

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ»[2].

بۇ ئايەت كەرىمدىكى ئاساسلىق مەنە شۇكى، ئاللاھ بەندىگە كۈچلۈك تۇغما پىترەت ئاتا قىلغان، بۇ پىترەت بىلەن ئىمان پىترىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان، ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزگەن، شۇڭا ئىنساننىڭ بۇ پىترىتى خۇنۇكلەشسە، ئىمانى سۇسلىشىدۇ، بەندە چۈشكۈنلىشىشكە باشلايدۇ.

—— تەرجىمە قىلغۇچى: ماردىن ئارتۇقلۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى ئوقۇغۇچىسى.

—— مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت.

[1] سۈرە شەمس 7 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تىن 4 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

# نامازنىڭ ئۆلگىلىك ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى



ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي

تەرجىمىدە: ئەزىزۇللا ئەمىن

## نامازنىڭ ئەخلاق ۋە ئىچكى مايىللىقلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

روھىيىتىمىزنى ناچار ئىللەتلەر، قەبىھ ئىشلار، گۇناھلار ۋە پۇچەك راھەتلەرگە بېرىلىشتىن توسۇشتا نامازنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىدىن كېيىن قالسىلا باشقا ئىبادەتلەردە بولمىغان كۈچلۈك تەسىرى بار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ﴾ «ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»[1].

ناماز ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە غەيرەت تېشىپ تۇرغان بىر ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندا ئىگىسىنى ئۇيۇقتىن ئويغۇتقا، ھۇزۇردىن ھۇزۇرغا، ئارزۇدىن ئارزۇغا، تەپەككۇردىن تەپەككۇرغا، ئەرزىمەس ئىشلاردىن ئالىي ئىشلارغا كۆتۈرىدۇ. ناماز ئۇنىڭغا ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزىدۇ، ئۇنى دىلىدا كۆركەم قىلىدۇ. كۇفرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە ئاسىيلىقنى يامان كۆرسىتىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تەۋھىدكە، پەزىلەت ۋە تەقۋادارلىققا چاقىرىلغان، ئۆز ئارىسىدا يامراپ كەتكەن زۇلۇم، (ئۆلچەم ۋە تارازىدىكى) ئالدامچىلىق ۋە كەم بېرىشلەرگە ئىنكار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار بۇ ئىشتىن چۆچۈپ، ئۆز ئارىسىدا تۇغۇلغان، قەبىلە ۋە شەھەرنىڭ بىر ئەزاسىغا ئوخشاش چوڭ بولغان، بېرىش-كېلىش

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

قىلىپ تۇرىدىغان شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى بۇ بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشنىڭ مەنبەسىنى، توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، گۈزەللىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىدىن ھەيران قىلىۋاتقان نامازدىن ئېنىقراق بىر نەرسىنى بايقىيالمىدى.

﴿قَالُوا يَا شُعَيْبُ أَصَلَاتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا أَوْ أَن نَّفْعَلَ فِي أَمْوَالِنَا مَا نَشَاءُ إِنَّكَ لَأَنتَ الْحَلِيمُ الرَّشِيدُ﴾ «ئۇلار: ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن دە، دېدى»[1].

نامازنىڭ شەننى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇھەت ھازىرلاشتىكى ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلەر

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك كۆرسەتمىسى بىلەن باشقا دىن ۋە باشقا ئۇممەتتىكى ئىبادەت ۋە پائالىيەتلەردە مىسالى تېپىلمايدىغان ئىززەتلەش، ئۇلۇغلاش، ئەيمىنىش، مۇلايىملىق، ئەستايىدىللىق، سالماقلىق، تەمكىنلىك، خاتىرجەملىك، ھەمكارلىشىش ۋە تونۇشۇشتىن ھاسىل بولغان مۇھىتنى ھازىرلاپ بەردى.

## ئەزان نامازنىڭ نىداسى، ئىسلامنىڭ چاقىرىقى

ئەزان نامازغا تونۇشۇش نىداسى بولۇپ يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭدا نامازنىڭ مەقسەتلىرى ۋە مەنىلىرى نامايان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرى، تەۋھىدنىڭ شوئارى ۋە دىننىڭ روھى قىسقا، ئوچۇق، گۈزەل، مۇكەممەل ۋە جارىڭلىق ھالدا نامايان بولىدى.

مۇئەززىن ھەركۈنى بەش قېتىم ئېگىز ئورۇندىن ئاۋازىنى ياڭراتقان بۇ نىدا ئىسلامنىڭ مەقسەت ۋە تەلىماتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئىخچام بىر دەۋەتكە ئايلىنىپ، بەزىدە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆكسىلىرىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچتى. ھالبۇكى، گۈزەللىك ۋە ئاددىيلىقنى ئۆزىگە جەملىگەن بۇ نىدانىڭ ئىبادەتلەرنى بىلدۈرۈشتىكى دەۋەت ئۇسلۇبىنىڭ مىسالى باشقا دىنلاردا تېپىلمايتتى. ئەزان سېرتقى گۈزەللىك ۋە قىزىقتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدىن خالىيدۇر، دىنىنىڭ جەۋھىرى ۋە خۇلاسىسى ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغاندۇر.

ئەزان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كاتتىلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق بۈيۈك نەرسىدىن بۈيۈكلۈكىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئىككى شاھادەتنى، يەنى «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» گۇۋاھلىقى ۋە «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» گۇۋاھلىقىنى، ئاندىن نامازغا مەسجىدتە جامائەت بىلەن ھازىر بولۇشقا چاقىرىشنى، نامازنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز نىجاتلىقنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈشنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئەزان قەلب ۋە ئەقىلگە خىتاب قىلىدىغان، مۇسۇلماننى ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ھورۇننى روھلاندۇرۇپ، بىخۇدنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ھېكمەتلىك سۆز، مۇكەممەل چاقىرىق ۋە

[1] سۈرە ھۇد، 87 ـ ئايەت.

پاساھەتلىك ئىنداغا ئايلانىدى.

## پاكلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى

ناماز ئۈچۈن پاكلىنىش (غۇسلى قىلىش) ۋە تاھارەت ئېلىش شەرت قىلىندى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار). ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار) ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ»[1].

پاكلىنىش ۋە تاھارەت ئىمان ۋە ساۋابنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بولغاندا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۇ (پاكلىق) دىلنى ئويغىتىدۇ، ناماز ۋە ئۇنىڭدىكى نۇر ۋە ئارامبەخشلىك تۇيغۇسىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن دىلنى ھازىرلايدۇ.

تاھارەت ۋە پاكىزلىقنىڭ پايدىلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ھەمدە ئاللاھ بىلەن مۇناجاتلىشىدىغان نامازغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مسۋاك ئىشلىتىشنى سۈننەت قىلدى، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «لولا أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة» «ئۈممىتىمگە مۇشەققەت بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى ھەر نامازدا مسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم».

## مەسجىدلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە مۇسۇلمان ھاياتىدىكى مەركەزلىكى

مىللەتلەر ۋە دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ئارىسىدا مىسالى تېپىلمايدىغان مەسجىدلەر ئاددىي ـ ساددا، پاكىز، ئارامبەخش بېرىدىغان، روھانىيەت قاپلىغان سۈرلۈك مۇھتەۋە تەۋھىد شوئارلىرى ئاساسىدا ناماز ئۈچۈن بىنا قىلىندى. ﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللَّهُ أَن تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالْأَبْصَارُ﴾ «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر

[1] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەت.

قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ»[1].

﴿وَأَنَّ الْمَسَاجِدَ لِلَّهِ فَلَا تَدْعُوا مَعَ اللَّهِ أَحَدًا﴾ «مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار»[2]. ﴿وَأَقِيمُوا وُجُوهَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَادْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ «ھەر سەجدە قىلغاندا يۈزۈڭلارنى ئاللاھقا تىكلەڭلار، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار»[3]. ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار»[4].

مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش، ئىلىم ئېلىش ۋە ئۆگىنىش مەركىزى، ئىسلاھات ۋە كۆرسەتمە مەنبەسى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمەسجىدلەردە ھەل قىلىناتتى، ئۇلار تۇرمۇشى ۋە مۇھىم ئىشلىرىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بۇ يەردە ئۆگىنەتتى. بىرەر ھادىسە يۈزبەرسە، مۇسۇلمانلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە، بىرەر يېڭى كۆرسەتمىگە ياكى ئەتراپلىق ئۆگىنىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا: «نامازغا توپلىنىڭلار» دەپ چاقىرىق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. مەسجىدلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئىدى، ھاياتنىڭ تېشى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان مەركىزى قوتۇپ ھالىدا بولۇپ، ئۇلاردىن ئىلىم ۋە ھىدايەتنىڭ بۇلاقلىرى بۇلدۇقلىغان، ئىسلاھ ۋە ئىرشاد نۇرى چاقنىغان، كۈرەش ۋە جىھادنىڭ دولقۇنلىرى باش كۆتۈرگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار دىيارىدىكى ناسارالار، يەھۇدىيلار مەسجىدلەرنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى مۇسۇلمانلارغا ھەسەت قىلىشاتتى، ئۇلار مەسجىدلەرگە بەزىدە ھەسرەت-نادامەت كۆزلىرى بىلەن، بەزىدە قورقۇش، ئەيمىنىش كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. مەسجىد-جامەلەر يېڭى مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى باش مەركەز ھالىتىگە قايتىشى زۆرۈردۇر.

## روھانىي مۇھىتنى قوغداشتۇرۇشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق

پەيغەمبەرنىڭ ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلىرى ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىش، خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلار بولغان قوبۇلىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «إذا كان أحدكم في الصلاة فإنه يناجي ربه فلايبزقن بين يديه ولا عن يمينه ولا عن شماله وتحت قدميه». «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازدىكى ۋاقتىدا، ئاللاھ بىلەن مۇناجات قىلىشىۋاتقان بولىدۇ، شۇڭا ئالدى تەرەپكە، ئوڭ تەرىپىگە، سول تەرىپىگە تۈكۈرمىسۇن. پەقەت پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن».

ناماز ئوقۇغۇچى ئىمامغا ئەتىئات قىلىش، ئۇنى تەقلىد قىلىش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق باشباشتاقلىق، تەرتىپسىزلىك، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىشتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە، ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا بولمايدۇ. بىر ھالەتتە قىتىۋېلىشقا،

[1] سۈرە نۇر، 36-37-ئايەتلەر.
[2] سۈرە جىن، 18-ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف، 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاشۇ ھالەتتە لەززەت تاپسىمۇ، نەپسى شۇ ھالەتتە تۇرۇشنى ۋە ئۇزارتىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ بولمايدۇ. نامازنىڭ روھى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىش، ئۇنى تەقلىد قىلىشتۇر، خۇددى ھەدىستە: «صلوا كما رأيتموني أصلي» «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، ئىمامغا ئۇنىڭ ھەرىكەت ـ سۈكۈناتلىرىدا، ئۆرۈلۈش ـ چۆرۈلۈشلىرىدە ئەگىشىشتۇر، خۇددى ھەدىستە: «إنما جعل الإمام ليؤتم به» «ئىمام (جامائەتنىڭ) ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن قويۇلىدۇ» دەپ ئېيتىلغىنىدەك.

مەسجىدلەردە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى نامايان بولىدۇ، مەخلۇقنىڭ ئۇلۇغلۇقى، بۈيۈك ياكى كاتتىلىق مەرتىۋىسى بولمايدۇ، ئۇ ھۆر بىلەن قۇل، ھۆكۈمران بىلەن پۇقرا، باي بىلەن كەمبەغەل باراۋەر بولىدىغان ئورتاق ئورۇن. ئۇ مىناغا ئوخشاش بالدۇر كەلگەنلەرنىڭ تۇرالغۇسى. ساھابەلەردىن كېيىنكى پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنىڭ بىدئەتلىرىدىن پەيدا بولغان ئىمتىيازلار ئىسلامغا ناتونۇشتۇر. مەسجىدلەردە ئالدىغا ئۆتۈش، ئاللاھقا يېقىن بولۇش پەقەت ئىلىم ئاساسىغا، قۇرئان، سۈننەت، فىقھى ۋە تەقۋالىقتىن ئالغان نىسىۋىسىگە قارىتا بولىدۇ. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەدىنمۇ ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ:

—— ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىك توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەمسىز؟ —— دېۋىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

—— بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىكى ئېغىرلاشقاندا:

—— جامائەت ناماز ئوقۇدىمۇ؟ —— دەپ سورىدى، بىز:

—— ياق، ئۇلار سىلىنى كۈتۈۋاتىدۇ، —— دېدۇق. ئۇ زات:

—— داسقا سۇ قۇيۇپ بېرىڭلار، —— دېدى. بىز شۇنداق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر تاھارەت ئېلىپ بولۇپ تۇرماقچى بولدى ـ يۇ، ھوشىدىن كەتتى. ئاندىن ھوشىغا كېلىپ:—— جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ —— دېدى. بىز:

—— ياق، ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! —— دېدۇق، (رەسۇلۇللاھ يەنە):

—— ماڭا داسقا سۇ قۇيۇپ بېرىڭلار! —— دېدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ تۇرماقچى بولۇۋىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:—— جامائەت ناماز ئوقۇدىمۇ؟ —— دېدى. بىز:

—— ياق، ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! —— دېگەنىدۇق،

—— ماڭا داسقا سۇ قۇيۇپ بېرىڭلار! —— دېدى. بىز شۇنداق قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، تۇرۇشقا تەمشىلىپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:—— جامائەت ناماز ئوقۇدىمۇ؟ —— دەپ سورىدى. بىز:

—— ياق، ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! —— دېدۇق. جامائەت بولسا مەسجىدكە توپلىشىپ خۇپتەننى ئوقۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنى كۈتۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (ئاتام) ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا:

—— جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن! —— دەپ، ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن كىشى ئاتامغا كېلىپ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنى جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇۋاتىدۇ، — دېيۈدى، ئاتام باغرى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا:

— ئى ئۆمەر، جامائەتكە سەن ناماز ئوقۇپ بەرگىن! — دېدى. ئۆمەر ئاتامغا:

— ئىمام بولۇشقا سەن لايىقراق، — دېدى. ئاتام شۇ كۈنلەردە جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بەردى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز يەڭگىللەپ ئىككى ئادەمنىڭ يۆلىشى بىلەن پېشىنگە چىقتى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئابباس ئىدى. جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئاتام رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ كەينىگە داجىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جايىدا تۇرۇۋېرىشكە ئىشارەت قىلىپ:

— مېنى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى رەسۇلۇللاھنى ئاتامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاتام ئۆرە تۇرغان ھالەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىغا، جامائەت بولسا ئەبۇبەكرىنىڭ نامىزىغا ئەگىشىپ ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا نامازنى ئولتۇرغان ھالەتتە ئوقۇدى».

ئۇبەيدۇللاھ دېدىكى: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسنى سۆزلەپ باقمايمۇ؟ — دېسەم، ئۇ:

— سۆزلەپ باق، — دېدى. مەن سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ ھەدىسنىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئىنكار قىلمىدى. پەقەتلا ئۇ:

— ئائىشە (ئاتام) ئابباس بىلەن بىللە ماڭغان يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدىمۇ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ياق، — دېسەم:

— ئۇ كىشى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، — دېدى».

ساھابىلەر جامائەتنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئىچىمىزدىكى (ئۆزرىلىك) كىشى ئىككى ئادەمنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېلىپ كېلىنىپ سەپكە تۇرغۇزۇلاتتى». يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىزگە قارايدىغان بولساڭلار، جامائەت نامىزىدىن پەقەت نىفاق بىلەنتونۇلۇپ كەتكەن مۇناپىق ياكى كېسەل كىشى قالاتتى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتتىن قېلىپ قالىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن جامائەت نامىزىغا ھازىر بولمايدىغان كىشىلەرگە قاتتىق كايىغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى نامازلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ دېدىكى: مەن بىرەيلەننى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ، نامازغا چىقمىغان كىشىلەرنىڭ يانلىرىغا بېرىپ بىر دۆۋە ئوتۇن بىلەن ئۇلارنى كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇسام دەپ ئويلاپ كەتتىم».

## جامائەت بولۇشنىڭ ھېكمەتلىرى، پايدىلىرى ۋە ئەدەپلىرى

جامائەتلىشىشتە چوڭقۇر ھېكمەتلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا كاتتا مەنپەئەتلەر باربولۇپ، بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىملىرى، قەلەم ساھىبلىرى يېتەرلىك ئىزدەنگەن.

بۇ ھەقتە كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ۋە ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى ئىدراك قىلالمىغان ناھايىتى ئىنچىكە ھېكمەتلەربار.

ئەنە شۇ ھېكمەتلەرنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ، (جەننىتىنى) ئارزۇ قىلىپ، (ئازابىدىن) قورقۇپ، ئۆزلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بىر يەرگە يىغىلىشى سەۋەبلىك بەرىكەتنىڭ چۈشۈشى ۋە رەھمەتنىڭ يېغىشىدا ئاجايىپ ئەھمىيىتى بار بولۇپ، بۇ يامغۇر دۇئاسى ۋە ئۈنىڭغا توپلىنىشتا، ھەجدىكى يىغىلىشلاردا يوشۇرۇنغان سىردۇر.

يەنە بىرى، ئىبادەتكە ۋە نامازغا ئەھمىيەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئىبادەتلەرنى گۈزەل ۋە مۇكەممەل قىلىش، كۆپ قىلىشتا مۇسابىقىلىشىش، يالغۇزلۇق ۋە بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئىبادەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى پارازىت، ئاۋارىچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلىش، نامازنىڭ ئەھكاملىرى، ئەدەپلىرىدىن، زىكىرلىرىدىن ۋە قىرائەتلىرىدىن بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆلىمالار، فىقھشۇناسلار ۋە ئىخلاسمەن ئىبادەتكارلارنى ئۈلگە قىلىش.

يەنە بىرى، بەزى ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىخلاسى، (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا) تىز پۈكۈشى، ئەيمىنىشى پۈتۈن جامائەتكە تەسىر قىلىپ خامۇش روھلارنى ئويغىتىدۇ، سۇلغۇن ئىرادىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بەزىدە كۆپچىلىكنىڭ ئىبادىتىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا، ئاجىزلىق، سەۋەنلىك ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ يېپىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ ئەقىل ۋە نەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. چۈنكى ئىخلاس ۋە قورقۇ ئەھلى، ئەنە شۇلار ھەمراھلىرى بەختسىز بولۇپ قالمايدىغان قەۋمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نامازدا) سەپلەرنىڭ تۈز بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، سەپلەرنىڭ قىڭغىر بولۇشىنىۋە سەپلەردە ئارىلىقنىڭ قېلىشىنى قاتتىق چەكلەيتتى. چۈنكى جامائەتنىڭ پايدىلىرى سەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلەردە چىڭتىلغان بىناغا ئوخشاش تۇرۇشلىرى بىلەن ھاسىل بولاتتى ھەم مۇكەممەللىشەتتى. چۈنكى ناماز ۋە جامائەت ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەربىيەدۇر، نامازنى گۈزەل ئادا قىلالمىغان دۇنيا ـ ئاخىرەت ئىشلىرىدىن ھېچنەرسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇرىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سووا صفوفكم فإن تسوية الصفوف من إقامة الصلاة» «سەپلىرىڭلارنى تۈز تۇتۇڭلار، سەپلەرنىڭ تۈز بولۇشى نامازنىڭ (كامىل) ئادا بولۇشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر». نۇئمان ئىبنى بەشىر مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ سەپلىرىمىزنى خۇددى ئوقيانىڭ ئوقلىرىنى رۇسلىغاندەك رۇسلايتتى. ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سەپراس بولغىنىمىزغا قەدەر شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چىقىپ تەكبىر ئېيتىلىدىغان چاغدابىر كىشىنىڭ كۆكرىكىنىڭ سەپتىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر چوقۇم سەپراس تۇرۇڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تەپرىقە سېلىپ قويىدۇ» دېدى.

—— بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۆمىنجان سىدىق



# ياشلار ئۈممەتنىڭ ئۈمىدى، گۈللىنىشنىڭ ئاساسى

دوكتور تاھا ئەھمەد
تەرجىمىدە: ئابدۇللا ئارمان

بارلىق ھەمدۇسانالار ياشلىقنى ئىنساننىڭ نەۋقىران مەزگىلى قىلىپ ياراتقان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.»[1]

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يىگانە بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مەدھىيە ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ قۇرئاندا ياشلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ھەقىقەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر.»[2]

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇ ياشلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياشلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ قەلبى نازۇكتۇر، ئاللاھ مېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەندە ياشلار مېنى قوللىدى، ياشانغانلار ماڭا قارشى چىقتى.»[3]

مەقسەتكە كەلسەك، ياشلار ۋە ياشلىق مەزگىلى ھەققىدە توختالغان چېغىمىزدا دىلىمىز يايراپ شادلىققا چۈمىمىز. شۈبھىسىزكى، ياشلار بۈگۈنگىچە تارىخ بەتلىرىنىڭ ھەر سەھىپىسىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تايانچىسى، گۈللىنىش ئاساسى، تەرەققىيات مەنبەسى، بايراقدارى، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان ئۈممەتنى شان-شەرەپ، غەلىبە-نۇسرەتكە

[1] سۈرە رۇم 54 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 13 ـ ئايەت.
[3] بۇخارىي رىۋايىتى.

يېتەكلىگۈچى ئاۋانگارتلار بولۇپ كەلگەن. ئىسلامنى پەيغەمبەر مەدرىسىسىدىن يېتىشىپ چىققان بىر بۆلەك ياشلار دۇنياغا تارقاتقان ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى كېڭەيتىپ ئۇنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن ئىدى.

## ياشلار ھەققىدىكى سۆزلىرىمىزنى تۆۋەندە بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز:

1. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ياشلار

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ياشلار

3. ئۇممەت قۇرۇلۇشىدا ياشلارنىڭ رولى

4. ئۇممەتنىڭ يۈكسىلىش دەۋرىدە ئۆتكەن نەمۇنىلىك ياشلار

5. ياشلارغا ئىلمىي نەسىھەتلەر

## بىرىنچى نۇقتا: قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ياشلار

ئىنسان مەيلى قانچىلىك ياشىسۇن، ياشلىق مەزگىلى ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلماس مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئەركىن مەزگىلىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ياشلاردىن ئەۋەتتى، ئىلىم ھېكمەتنى ئالىمغا ياشلىق مەزگىلىدە ئاتا قىلدى» دېدى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «(ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)[1]» دېدى.

ئاللاھ تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدۇق»[2]. ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلۋالدى»[3]. ياشلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان يىگىتلەردۇر»[4].

بۇنىڭدىن باشقا قۇرئاندا ياشلار ھەققىدە بىرقانچە ئۆرنەك مىسال بېرىلگەن:

## بىرىنچى مىسال: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شىجائەتلىك، قەيسەر كىشى ئىدى. ئۇ بىپايان كائىناتقا نەزەر سېلىپ ئىنچىكە ھەقىقەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىدۇ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ كىم تەرىپىدىن قانداق بەرپا قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەت

[1] سۈرە ئەنبىيا 60 ـ ئايەت
[2] سۈرە مەريەم 12 ـ ئايەت
[3] سۈرە كەھف 10 ـ ئايەت
[4] سۈرە كەھف 13 ـ ئايەت

يولغا باشلايدۇ. ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىمان نېمىتىگە ئېرىشىپ مۇشرىكلىكتىن، شېرىكتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق»[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ شىجائىتى ۋە غەيرىتى بىلەن قىيامەتكىچە ئازغۇنلۇق، شېرىك، كۇپۇر ۋە تاغۇتقا قارشى ئىمانلىق ياشلارغا ئۈرنەك بولىدۇ.

## ئىككىنچى مىسال: يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بالاغەت يېشىغا يەتكەندە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ كۈچلۈك، سەبىرچان ۋە ئىرادىلىك ياش بولۇپ، ھاۋايى-ھەۋەس، شەھۋەت، مال-دۇنيا، يۈز ئابرويغا بېرىلمىگەن، قىيىن قىستاق، زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە ئېغىر تەھدىدلەرگە تېز پۈكمىگەن، بۇزۇق جەمئىيەتلەرنىڭ ئازدۇرۇشلىرى، شەھۋەت سىناقلىرى ۋە قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ئىرادىلىك ياش ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۇسۇف: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى.»[2]

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام نېمىشقا زۇلەيخانىڭ تەلپىگە قوشۇلمىدى؟! ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلماي كۆپىنچە كىشىلەرگە ئوخشاش مەن تېخى ياش، ياشلىق دېگەن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان دەۋر، مەن بىر قۇل، قۇللار ھەر كىشىلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلسا بولىۋېرىدۇ، مەن بىر بويتاق، خىيانەت قىلىدىغان ئايالىم يوق، مەن بىر مۇساپىر، مېنى بۇ يەردە تونۇيدىغان ھېچكىم يوق .... مەن دېگەن... مەن دېگەن ... دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن زۇلەيخانىڭ تەلپىگە قوشۇلۇشقا باھانە تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر بار ئىدى، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پاك، ئىپپەتلىك ياشلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

## ئۈچىنچى مىسال: مۇسا ئەلەيھىسسالام

ئۇ فىرئەۋننىڭ قەسرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇنى فىرئەۋن بېقىۋالغان بولغاچقا، ئۇ چوڭ بولغان مۇھىت تاغۇتلار، زۇلۇم-سىتەم، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئابرويپەرەسلىكلەر

[1] سۈرە ئەنئام 75-ئايەت
[2] سۈرە يۇسۇپ 22-23 ئايەت.

بىلەن تولغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن ئۆزىنىڭ رەببىگە سادىقلىق بىلەن ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالدۇ، زالىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشتىن قاچىدۇ، مەزلۇم، ئاجىزلارغا ۋە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن تۈرلۈك ئازاپ-ئوقۇبەت، قىيىن قىستاقلارغا ئۇچراپ يۇرتىدىن قېچىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز.»[1]

## تۆتىنچى مىسال: ئەسھابۇلكەھف

ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ھەققەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دېيىدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەققەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز.»[2]

بىز گۈزەل ۋە ھەققىي مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىدىغان بۇ سەرخىل مەزمۇن ۋە مىساللاردىن ياشلىق ۋە ياشلىق مەزگىلدىكى جاسارەت ئۇقۇمىدىن ئىبادەتلەرنى يالغۇز بىر ئاللاھقىلا قىلىش، باشقا ئىلاھلارنى رەت قىلىش، شەھۋەت، ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى تىزگىنلەش، ئاجىز مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش، جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك پىتنە-پاساتلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان كەرىمدە توغرا يولدىن چەتنىگەن، ئازغۇن، تەكەببۇر ۋە جاھىل ياشلار ھەققىدە بىرقانچە مىسال بېرىلگەن. بۇ مىساللارنىڭ بىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنىڭ قىسسىسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى. ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى.»[3]

---
[1] سۈرە قەسەس 14-ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 13-14 ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد 42-43-ئايەت.

يەنە بىر مىسال: ياشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش، ھەممىگە قادىر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش، جاھىللىق ۋە ئازغۇنلۇقى بىلەن ھەقتىن يۈز ئۆرۈشىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەم (يەنى ئاتا ئانىسى ئىمانغا دەۋەت قىلغان فاجىر بالا): «ۋاي ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۇممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۇرۇلگىنى يوق)» دەيدۇ، ئۇ ئىككىسى ئاللاھقا پەرياد قىلىپ: «ۋاي ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر» دەيدۇ. ئۇ: «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دەيدۇ»[1].

## ئىككىنچى نۇقتا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ياشلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلغان، كۆنىمزدىكى كۆپىنچە كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنى چەتكە قاقماستىن ئىشىنىپ ۋەزىپە تاپشۇرغان. زەيد ئىبنى ھارىس، جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەلەرگە ئوخشاش ياش ساھابىلەرگە كىچىك ۋاقتىدىلا چوڭ ۋەزىپىلەرنى بەرگەن، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ رۇملۇقلار بىلەن بولغان تۇنجى ئۇرۇشى مۇئتە غازىتىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامە ئىبنى زەيدكە 18 ياش ۋاقتىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرلەرگە ئوخشاش چوڭ ساھابىلەر بار قوشۇنىڭ قوماندانلىق ۋېزىپىسىنى تاپشۇرغان. ئەمدىلا ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان مۇئازنى دىن ـ ديانىتى، مىللىتى پەرقلىق بولغان يىراقتىكى يەمەن خەلقىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: (ئى مۇئاز سەن ئەھلى كىتاب يەنى مۇسۇلمان ئەمەس بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن، ئۇلارنى تۇنجى بولۇپ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن ئەگەر ئۇلار قوبۇل قىلسا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۆگەتكىن).

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز تېخى ياشلىق دەۋرىمىزگە ئەمدىلا قەدەم قويغان، ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئىدۇق. بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بەش نەرسە كېلىشتىن ئىلگىرى بەش نەرسىنى ياخشى قەدىرلەڭلار. ياشىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ياشلىقنى، ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ھاياتنى، مەشغۇلىيەتتىن ئىلگىرى بوش ۋاقىتنى، نامراتلىقتىن ئىلگىرى بايلىقنى، كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى سالامەتلىكنى».

ھاكىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ».

[1] سۈرە ئەھقاف 17 ـ ئايەت.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «جەننەتكە كىرگەن كىشى نېمەتلەردىن بەھرىمان بولۇپ تۇرىدۇ، قايغۇرۇش بولمايدۇ، كىيىملىرى كونىراپ كەتمەيدۇ، دائىم ياش ھالىتىدە تۇرىدۇ» مۇسلىم رىۋايىتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ئى يىگىتلەر! سىلەردىن توي قىلىشقا قادىر بولالايدىغانلار توي قىلسۇن، چۈنكى توي قىلىش ئىنساننىڭ كۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئەۋرىتىنى ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇ كىشى ئۈچۈن قالقان بولىدۇ، دېگەن»[1].

## ئۈچىنچى نۇقتا: ياشلارنىڭ ئۇممەت قۇرۇلۇشىدىكى رولى

مۇسۇلمان ياشلار ئۇممەت قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، مەدەنىيەتلەر ئۇلار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە گۈللەپ ـ تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇڭلاشقا ئۇلار ھەر ۋاقىت ياشلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

### 1. دەۋەتكە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقۇچىلار ياشلاردۇر

مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى كۈنىمىزدە بولسۇن ياشلار باتىلغا ئەڭ كەسكىن قارشى تۇرىدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرايدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى ساپ، قانائەتچان كېلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلغان ئابرويپەرەس كاتتىۋاشلارغا ئوخشاش تەمەخور بولمايدۇ.

ئاللاھ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى. (ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا بوۋىلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا بوۋىلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى»[2].

ياشلار ئەسھابۇلكەھف ۋە زالىم پادىشاھنىڭ قىسسىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمىنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاش ھادىسىلەردە باتىلغا ئىمان بىلەن قارشى تۇرغان ئاۋانگارت كىشىلەردۇر.

### 2. ياشلار مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى

ياشلار مىللەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ، بىر مىللەتنىڭ ھەرخىل

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
[2] سۈرە زۇخرۇف 24/23 ـ ئايەت.

كۆچ ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ، مەسىلەن: ئىقتىسادىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە ئادەم كۈچى دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى بولسا ئادەم كۈچىدۇر، ئادەم كۈچىنىڭمۇ ئەڭ بىباھاسى بولسا ياشلاردۇر. ئەگەر سىز ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ پاراۋانلىق ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىنى سورىماستىن، ئۇ مىللەتنىڭ ياشلىرىغا، ياشلارغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىغا قاراڭ! ئەگەر ياشلىرىنىڭ دىندارلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر، كۈچلۈك مىللەت دەپ بىلىڭ، ئەگەر ئۇ مىللەتنىڭ ياشلىرىنىڭ ئەخلاقى بۇزۇق، ناچار قىلمىشلارنى قىلىپ، بىكار ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز ئۇ مىللەتنى ئاجىز، ۋەيران بولغان مىللەت دەپ بىلىڭ، ئۇنداق مىللەت ئۆزىنى بارماي دۈشمەن تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىدۇ. چۈنكى ياشلار مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئۈممەت يۈكسىلىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ۋە ئەڭ يادرولۇق كۈچى، شۇنداقلار ھەرقانداق بىر ياخشى ئىدىيەنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كەلگەندەك: «ئۇلار ھەقىقەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر.»[1]

## 3. ياشلار دەۋەت ۋە جىھادنىڭ مۇقەددەس بايرىقىنى كۆتۈرىدىغان كىشىلەردۇر

ئاللاھ ئۇلارنىڭ قولى بىلەن غەلبە ۋە يېڭى بىر ئىسلام دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، كۈچلۈكلەرگە قارشى تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى، ئىسلامغا كىرىشتىكى ئاۋانگارتلارنىڭ ياشلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام 15 يېشىدا، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ 16 يېشىدا، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس 17 يېشىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئەرقەم ئىبنى ئەبۇلئەرقەم 16 يېشىدا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۆيىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە قارارگاھ قىلىپ بەرگەن بولۇپ، گەرچە مەخزۇم بىلەن بەنى ھاشىم قەبىلىسى سۈركىلىش ئىچىدە بولسىمۇ ئۇ ئۆي 13 يىل مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئالىدىغان ئىسلامنى ئۆگىنىدىغان جايى بولغان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ يەر يۈزىدىكى تايانچ كۈچى بولۇپ كەلگەن ياشلارنىڭ يېشى 17 بىلەن 30 ئارىسىدا بولغان. شۇنداق، ئۇلارنىڭ بىرلىرى ياش جەھەتتە كىچىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلى، غايىسى ۋە ۋۇجۇتقا چىقارغان ئىشلىرى ئىنتايىن كاتتا ئىدى.

## تۆتىنچى نۇقتا: ئۈممەتنىڭ يۈكسىلىش دەۋرىدە ئۆتكەن نەمۇنىلىك ياشلار

تۆۋەندە ئۇنتۇلماس ئىش-ئىزلىرى ۋە قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ئۈممەتكە ئۈلگە بولغان بىر قىسىم نەمۇنىلىك ياشلار ھەققىدە توختىلىمىز:

ئەزىز قېرىنداشىم! بىز ياشلارغا خىتاب قىلىۋاتىمىز، چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق

[1] سۈرە كەھف 13-ئايەت.

جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلەر بولۇپ، بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىز ئۇلارغا باغلىق، يۈكسەك چوققىلارغا ئۇلار بىزنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئابرويپەرەس كاتتىۋاشلارغا ئوخشاش تەماخورلۇقتىن يىراقتۇر.

## ئىلىم-پەن ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ياشلار:

### 1-ئىمام شافىئىي

ئۇ ئىلىم ۋە ئالىملارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بالا ئىدى، ئانىسى ئۇنى ياخشى تەربىيلەپ قاتارغا قوشۇش، ئېلىم سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئالىملارنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مېھرىبان ئانىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ ۋە ئىمام شافىئىي مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ۋە قىيامەتكە قەدەر ئەڭ كاتتا فىقھشۇناسلاردىن بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىمام شافىئىي ئۇ تاختايلارغا خەت يېزىپ ئۆگىنەتتى، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئالىملارنى ئىزدەپ جاپالىق سەپەرلەرنى قىلاتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىقتىدارلارنى ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇ ئون يېشىدا مۇۋاتتانى يادلاپ بولغان ئىدى، پەقەت بۇلا ئەمەس، ئۇ ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا مۇفتىلىق ماقامىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ مەزھىبى ۋە چۈشەنچىلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇسۇل فىقھى ئىلمىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى سالغان كىشى ھېسابلىنىدۇ.

### 2. ئىمام بۇخارىي

ئۇ 15 يېشىدا ئەما بولۇپ قالغان ئىدى، ئانىسى كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ساقىيىشى، ئۇنىڭ ئادەتتىكىچە بىر بالا ئەمەس ئالىم بولۇشى، يەنى باشقىلارغا ئىلىم ئىرپان نۇرى سىڭدۈرەلەيدىغان مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا يىلىنىپ دۇئا قىلاتتى، ئاللاھ ئانىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئىمام بۇخارىي ئىسلام تارىخىدىكى كاتتا مۇھەددىسلەرنىڭ ئۇستازىغا ئايلاندى، شۇنداقلا ئۆز زامانىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ مەنبەسى، ئەھلى ھەدىس يول باشچىسى بولدى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشتىكى ئىنچىكىلىكى، ئىمكانىيىتى ئاز بولسىمۇ تەتقىق ئۇسلۇبىدىكى سەۋرچانلىقى بىلەن ئىسلام تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇنەۋۋەر ئالىم، ھەدىس ساھەسىنىڭ مەشئەلگە ئايلاندى، ئۇ ئۇستازلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە سانىلىدىغان كىتاب «سەھىھۇل بۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى بولدى. بۇخارىينى 16 يىلدا تاماملىدى، مەزكۇر كىتاب بۈگۈن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتتە ئوموملاشتى. ئۇ 100 مىڭ ھەدىس يادلىغان ئىدى، بۇخارىيغا ئەڭ ئىشەنچلىكلىرىدىن 7 مىڭ ھەدىسنى تاللاپ كىرگۈزدى، بۇ ھەدىسلەرنى ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم ھۆججەت قىلدى. ھەدىسلەرنى تاللاشتا ئۆزگىچە ئۇسۇل ئىشلەتتى.

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نىساپۇردا بۇخارىي شەھىرىدىن كەلگەن

17 ياشلىق مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئۇستازى ئىسھاق ئىبنى راھۇيىە ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇستازى شاگىرتلىرىغا ئۇممەتنىڭ ئېھتىياجى ھەققىدە سۆزلەپ شۇنداق دەۋاتاتتى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەگەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرى سەھىھ سۈننەتلەرنى بىر كىتابقا توپلىغان بولسا ئىدى؛ كىشىلەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان بولاتتى.

ئىمام بۇخارىي مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى نىيەت قىلدىم ۋە بۇ ئادەم مەن بولۇشقا قەسەم قىلىپ ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدىم ۋە چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇبارەك مۇنبىرىدە ئولتۇرغانلىقىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا چىۋىنلارنىڭ كېلىۋالغانلىقىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ بىرىپ چىۋىننى قوغلاۋاتقىنىمنى كۆردۈم ئاندىن چۈشۈمنى ئۇستازىمغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇستازىم بۇ چۈشۈمگە مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى يالغاندىن مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تەبىر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بىر كىتابقا يىغىشقا باشلىدىم». (ئىمام بۇخارىي ھەرقانداق بىر ھەدىسنى يازماقچى بولسا تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاندىن يازاتتى ۋە ئۇ تىجارەتچى بولۇپ تىجارىتىنىڭ پايدىسىنى مۇشۇ خىزمەت ئۈچۈن ئىشلەتەتتى).

### 3. زەيد ئىبنى سابىت

بەنى نەججار قەبىلىسىدىن بولغان 13 ياشلىق زەيد ئىبنى سابىت ئەلئەنسارىي مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بەدرى غازىتىغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قەلبىدە ئىسلامغا ياردەم بېرىش تۈيغۇسى قوزغىلىدۇ ۋە ئۆزىدىن چوڭ قىلىچنى سۆرەپ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ (ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئىدى). لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايتۇرۇۋېتىدۇ ۋە «ئوغلۇم سەن تېخى كىچىك» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جىھاد قىلىشتىن توسقىنى ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ، لېكىن ھوشيار ئانا ئوغلىغا قاراپ غەم قىلما ئوغلۇم سەن ئىسلامغا باشقا شەكىلدە خىزمەت قىلالايسەن. (چۈنكى ئۇنىڭ نىشانى ۋە غايىسى ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئىدى) سېنىڭ خېتىڭ چىرايلىق، شۇنداقلا سەن قۇرئاننىڭ كۆپ قىسمىنى يادقا بىلىسەن، مۇشۇ ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بىلەن بۇ ساھەلەردە خىزمەت قىلالايسەن دەيدۇ ۋە ئوغلىنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سۈريە تىلىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. زەيد ئىبنى سابىت ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مەندىن «سۈريە تىلىنى ياخشى ئۆگەندىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن «ياق» دەپ جاۋاپ بەردىم، ئۇ «بىزگە ئۇ تىلدا مەكتۇپلار كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆگەنگىن»، دېدى. مەن ئۇنى17 كۈندە ئۆگىنىپ بولدۇم.

ئەئمەش رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن مەكتۇپلاردىن

ئــەڭ ئىشــەنچلىك كىشــىلەرلا خــەۋەردار بولالايتتــى. ئۇنىڭغــا 13 يېشــىدا پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامنىڭ تەرجىمانــى دەپ لەقــەم قويۇلغــان ئىــدى. كېيىنچــە ئــۇ ئەبۇبەكرنىــڭ زامانىــدا قۇرئاننــى توپلاشــقا تەيىنلەنگەنىــدى.

رەســۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىــن كېيىــن مۇســۇلمانلار مۇرتەدلەرگــە قارشــى ئۇرۇشــقا ئاتلانــدى، يەمامــە غازىتىــدا شــەھىد قىلىنغانلارنىــڭ كۆپىنچىســى قارىيــلار ئىــدى. ئۆمــەر ئىبنــى خەتتاب مۇســۇلمانلار خەلىپىســى ئەبــۇ بەكرنىــى ھايــات قالغــان قــارى ھافىزلارغــا شــەھىدلىك كېلىشــتىن ئىلگــىرى قۇرئاننــى توپلاشــنى تەلــەپ قىلىــپ كەلگەنىگــە قــەدەر پىتنــە ئۇتــى توختىمىــدى. خەلىپــە ئاللاھقــا ئىســتىخارە (مەســلىھەت) ســالدى، ئەتراپىدىكىلــەر بىلــەن كېڭەشــتى. ئاندىــن زەيــد ئىبنــى ســابىتنى چاقىرىــپ: «ســەن ئەقىللىــق يىگىــت، بىــز ســەندىن شــۈبھىلەنمەيمىز» دېــدى. ئۇنىڭدىــن تەجرىبىلىــك كىشــىلەردىن يــاردەم ســورىغان ئاساســتا قۇرئاننــى توپــلاش خىزمىتىنــى ئۈســتىگە ئېلىشــنى تەلــەپ قىلــدى.

زەيــد بــۇ ۋەزىپىنــى ئۈســتىگە ئالــدى ۋە بــۇ جەريانــدا ئېغىــر ســىناقلارغا دۇچ كەلــدى، چۈنكــى قۇرئاننــى ئــۆز تەرتىپــى بويىچــە توپــلاپ چىقىــش ئۇچــۇن، ئالــدى بىلــەن سىپلىشــتۇرۇپ تەكشــۈرۈپ بېكىتىشــكە توغــرا كېلەتتــى.

زەيــد ئــۆز مەســئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقــى ھەققىــدە توختىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاللاھ بىلــەن قەســەمكى ئەگــەر ئــۇلار مــاڭا تاغنــى ئورنىدىــن يۆتكەشــنى بۇيرىغــان بولســا، بــۇ مــاڭا ئەلۋەتتــە ئــۇلار بۇيرىغــان قۇرئاننــى توپــلاش ئىشــىدىن ئاســانراق كەلگــەن بولاتتى».

يەنــە بىــر ئورۇنــدا: «مــەن قۇرئاننــى تېــرە، ســۆڭەك، تــاش ۋە ئىنســانلارنىڭ قەلبلىرىدىــن توپلىدىــم» دەيــدۇ. ئــۇ بــۇ ۋەزىپىنــى تەلتۆكــۈس ئورۇنلىــدى ۋە قۇرئاننــى بىرقانچــە قېتىــپ توپلىــدى. ئوسمــان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ھەممىنــى بىــر قىلىــپ جەملىــدى.

### 4. ئىمام ئىبنى تەيمىييە

شەيخۇلئىســلام ئىبنــى تەيمىيــە كىچىــك ۋاقتىــدا دەپتىــرى بولمىغانلىقتىــن دەرســلىرىنى ياغــاچ تاختايلارغــا يېزىــپ كۆتــۈرۈپ مەدرىســىگە باراتتــى، كىچىــك بالىنىــڭ چــوڭ تاختايلارنــى كۆتــۈرۈپ يــىراق مۇســاپىلەرنى پىيــادە قانــداق باســقانلىقىنى بىــر تەســەۋۋۇر قىلىــپ بېقىڭچــۇ؟!

بىــر كۈنــى ئۇســتازى بــۇ بالىنىــڭ زېھنىنىــڭ ناھايىتــى ئۆتكــۈر، بىــر ئاڭلىغان نەرسىنى ئەســتە ســاقلىيالايدىغان تالانتلىــق بــالا ئىكەنلىكىنــى بايقايــدۇ ۋە بىزنىــڭ ئىچىمىزدىمــۇ مۇشــۇنداق كىشــىلەر بارمــدۇ؟ دەپ ئويلايــدۇ.

ئۇســتازى ئىبنــى تەيمىيەنىــڭ يېنىغــا كەلــدى ۋە ئۇنىڭدىــن «ســەن ئابدۇسســالام ئىبنــى تەيمىيەمــۇ؟» دەپ ســورىدى. ئــۇ: «ھەئــە، مــەن ئابدۇسســالام ئىبنــى تەيمىيــە بولمــەن» دەپ جــاۋاپ قايتــۇردى، ئــۇ كىچىــك بىــر ســەبى ئىــدى.

ـ تاختاينى ماڭا بەرگىن، دېدى ئۇستازى.

ـ قېنى مەرھەمەت ئۇستاز ـ تاختايدا 13 ھەدىس يېزىلغان ئىدى.

ئۇستازى ئۇنىڭغا: «ئوقۇ!» دېدى. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ بەردى.

ئاندىن ئۇستازى ئۇنىڭدىن تاختايلانى ئېلىۋېلىپ ماڭا بۇ ھەدىسلەرنى يادلاپ بەرگىن دېدى.

ئۇ 13 ھەدىسنى بىر قېتىمدىلا يادلاپ بەردى.

مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى: بىر ھەدىسنى تەكرار ئون قېتىم ئوقۇپ بېقىڭلار، ئۇنى يادلىيالامدىكەنسىلەر؟ بۇ سەبى بالا 13 ھەدىسنى بىرقېتىم ئوقۇپلا يادلىدى ۋە بىرلا قېتىمدا توختاپ قالماستىن يادلاپ بەردى.

## رەھبەرلىك ساھەسىدىكى ياشلار:

### ئەمر ئىبنى سەلەمە

ئەمر ئىبنى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھىھۇلبۇخارىيدا تىلغا ئېلىنغاندەك مەككە فەتھى بولغاندا ئۇ تېخى ئالتە، يەتتە ياش ئەتراپىدا ئىدى.

قەبىلىلەر ئۆزىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا جاكارلاش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتاتتى، ئەمر ئىبنى سەلەمە جۇرەيىم قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى دېيىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ناماز، زاكات ۋە باشقا ئەمەللەرگە بۇيرىدى، ئۇنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمرى ئىبنى سەلەمۇ بارئىدى. دادىسى قەبىلىسىدىكىلەرگە قاراپ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن كەلدىم. ئۇ بىزنى كۈننىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. بىز ئۇنىڭدىن بىزگە كىمنىڭ ئىمام بولىدىغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇ ئىچىڭلاردىكى قۇرئاننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلىرىڭلا دېدى. ئەمر رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: ئۇلار ئەتراپقا قاراشتى ۋە قۇرئاننى مەندىنمۇ كۆپرەك يادلىغان بىرىنى تاپالمىدى. مەن كارۋانلاردىن قۇرئان تەلىم ئالغان ئىدىم. (جەرىم قەبىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ماڭغان قەبىلىلەر ئارام ئالاتتى ۋە شۇ يەردىن ئۆتەتتى، ئوزۇق تۈلۈك ئېلىپ قايتقاندا يەنە ئاشۇ يەرگە چۈشەتتى، ئەمرى ئىبنى سەلەمە ئۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىملەرنىڭ نازىل بولغانلىقىنى سورىغان ۋە يادلىۋاغان ئىدى) ئۇلار مېنى ئىمام قىلىپ قويۇشتى ۋەھالەنكى، مەن ئۇ چاغدا ئالتە ياكى يەتتە ياشلاردا ئىدىم. مېنىڭ قىسقا بىر تونۇم بار ئىدى. سەجدە قىلغان ۋاقتىمدا كىيىمىم تارتىشىپ ئەۋرىتىم ئېچىلىپ قالدى، سەپنىڭ كەينىدىن بىر ئايال مېنى چاقىردى. كىشىلەر مېنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئىمامىڭلارغا كىيىم كىيدۈرۈڭلا دېدى. ئاندىن ئۇلار ماڭا ئئوردانىيەنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ بەردى، بۇ كىيىم ئىسلامىمدىن كېيىن مېنى ئەڭ خۇرسەن قىلغان

نەرسە ئىدى. ئۇ قەبلىسىگە ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ئىمام بولدى.

## جىھادىي ساھەدىكى ياشلار:

### 1. ئۇممەتنىڭ پىرئەۋنىنى ئۆلتۈرگەن ئىككى ئەزىمەت:

بۇ ئاجايىپ ۋەقەلىكلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىز سۆزنى مەشھۇر ساھابە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە بېرەيلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى مەن سەپ ئىچىدە تۇرۇپ ئوڭ ـ سول تەرىپىمگە قارىدىم، ھەر ئىككى تەرىپىمدە يېشى كىچىك ئىككى ئەنسارىي يىگىت تۇراتتى، مەن ئەتراپىمدا ئۇ ئىككىسىدىن باشقا بىرىنىڭ بولۇشىنى ۋە مېنى قوغدىشىنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مېنى ئۆزىگە قارىتىپ تاغا ئەبۇ جەھلنى تونۇمسىز دېدى. مەن ھەئە تونۇيمەن، سىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ دەپ سورىدىم. ئۇ، مەن ئەبۇ جەھلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ئۇنى ئۇچرىتالىسام ئۆلتۈرمەي قويمايمەن. ئاندىن يەنە بىرى مېنى تارتقۇشلاپ تۇرۇپ ھەمراھى دېگەن سۆزنى دېدى، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئەبۇ جەھلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇ ئىككەيلەنگە سىلەرنىڭ ئىزدەۋاتقان ئادىمىڭلا ئەنە شۇ دەپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار ئىككىسى ئۇنىڭغا بۈركۈتتەك ئېتىلدى ۋە قىلىچ بىلەن چېپىشقا بىر ـ بىرسىدىن بەك ئالدىراپ كېتىشتى. ئۇلار ئىككىسى ئەبۇ جەھلگە ئۆلگۈچە قىلىچ ئۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرىنى بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنى ئىككىڭلاردىن كىم ئۆلتۈردى؟» دەپ سورىدى. ئىككەيلەن تەڭلا «مەن ئۆلتۈردۈم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىلىچىڭلارنى سۈرتتۈڭلامۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ياق» دەپ جاۋاپ بېرىشتى، رەسۇلۇللاھ ئىككەيلەننىڭ قىلىچىغا قارىدى ۋە «ئۇنى ھەر ئىككىڭلار ئۆلتۈردۇڭلا دېدى»[1].

سۇبھانەللاھ، ئۇممەتنىڭ پىرئەۋنى ۋە زامانىنىڭ ئەڭ يامان زالىمىنىڭ ھالاكىتى ساباھە كىرالمىردىن ئىككى ياشنىڭ قولى بىلەن بولدى. نىمشقا؟ ئاشۇ جەسۇر ياشلار يەتكەن مەرتىۋىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى قۇياشتەك روشەن كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى.

### 2. ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن ئىدى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قېرىندىشىم ئۇمەيرنىڭ بەدرى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە قېرىندىشىم ساڭا نېمە بولدى دېدىم. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ كىچىك دەپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قايتۇرۇۋېتىشتىن قورقىمەن، مەن جەڭگە چىقىشنى ۋە ئاللاھنىڭ مېنى شاھادەت شەرىپىگە نائىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. شۇنداق تۇرغىنىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ كەلدى ۋە ئۇنى كىچىك دەپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ يىغلىدى ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا جەڭگە چىقىشقا ئىجازەت بەردى. سەئىد يەنە مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇ كىچىك بولغاچقا قىلىچىنىڭ غىلىپىنى مەن كۆتۈرۈۋالغان ئىدىم، يەنى ئۇنىڭ بويى پاكار بولغانلىقتىن قىلىچنى ئېسىپ ماڭغاندا قىلىچ يەرگە سۆرىلىپ قالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆتۈرۈۋالغان ئىدىم.

بەدرى جېڭى ئەۋجىگە چىققاندا ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت بولدى. ئۇنى قۇرەيشنىڭ قەھرىمان ـ چەۋەندازلىرىدىن بىرى، خەندەك ئۇرۇشىدا ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن ئەمرى ئىبنى ئەبدۇ ۋەددىل ئامىرىي ئۆلتۈردى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ كاپىرلارغا قارشى قاتتىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا قۇرەيش چەۋەندازلىرى نەزىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## قوماندانلىق ساھەسىدىكى ياشلار:

### 1. موڭغۇللارنى يەڭگەن قوماندان

ئۇ ئىسلزادىلەرنىڭ باللىرىغا ئوخشاش تەربىيەلەندى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، قۇل بازىرىدا سېتىلدى. ئادەم بىدىكلىرىنىڭ قولىدا شەھەردىن شەھەرگە يۆتكىلىپ يۈردى. ئېسىل تۇرمۇشتىن قۇللۇققا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار يېگەننى يەپ، ئۇلار ئىچكەننى ئىچتى. لېكىن، ئۇ چەكسىز ئۈمىد، رەببىگە بولغان ئىشەنچ ۋە بۈيۈك غايىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى كاتتا قوماندانلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇ 40 ياشقا توشماي تۇرۇپلا ۋاپات بولدى، لېكىن ھىممەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئېرىشەلمەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىززۇددىن ئابدۇسسالام ئۇ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز زامانىدا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىرى يوق دېسەم يالغان سۆزلىگەن ياكى ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن». ئۇ جەسۇر قوماندان سەيفۇددىن قۇتۇز ئىدى.

### 2. ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ كىچىك قوماندان: مۇھەممەد ئىبنى قاسىم

مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئەسسەقەفىي ھىندىستاندا تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغان، باتۇر قوماندانلار تىزىملىكىدە ئىسمى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغان مەشھۇر قوماندان بولۇپ، ئاللاھ قەلبىگە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى سالغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭدا كىچىكىدىن باشلاپلا ئالىيجاناپلىق، قەيسەرلىك ۋە تەدبىرچانلىق يېتىلىشكە باشلىغان ئىدى. ھەججاج بىن يۈسۈپ ئۇ تېخى 17 يېشىنى تۈگەتمىگەن چېغىدىلا سەندكە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئەلقاسىم نۇرغۇن

قەھرىمانلارغا سىلىشتۇرۇلغاندا، تەپەككۇر قىلىش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتى، ئادالەت ۋە كەڭ قورساقلىق، شۇنداقلا چەۋەندازلىق ۋە قەھرىمانلىق جەھەتتە ئۇلاردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇراتتى.

مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قول قوياتتى. ھىندىستانلىقلار ئۇنىڭ ئادىللىقى ۋە كەڭ قورساقلىقىغا قايىل بولۇپ ئىتائەت قىلىشقان ئىدى.

ئۇ ئىنتايىن كەمتەر كىشى ئىدى. قوشۇندا ياش ۋە ھۆرمەت جەھەتتە دادىسىدىن چوڭ كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى. بىرەر قارار چىقارماقچى بولسا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئۇ پەتھە قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەسجىدلەرنى بىنا قىلىپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

ئۇ سەند (پاكىستاندىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ئىسمى) زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە نۇرغۇن شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، دىبىلغا بۆسۈپ كىردى ۋە پۈتۈن قوشۇن خەندەك قېزىپ شۇ رايوننىڭ ۋالىيسى پادىشاھ «راجا داھىر» نىڭ رەھبەرلىكىدىكى سىندى ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. ھىجرىيە 92-يىلدىكى ئۇرۇشتا ھەق باتىل ئۈستىدىن غالىب كېلىپ مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. سەند پادىشاھى ئۆلتۈرۈلدى. سەند پايتەختى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مۇھەممەد بىن ئەلقاسىم سەنەدنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بۇددىستلىق ۋە شىرك ئەقىدىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. ئۇ سەند ۋىلايىتىدىكى كۆچىنى زورايتىپ ئۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالدى. پاكىستاننىڭ دىبال شەھرىنى بويسۇندۇردى. ھىجرىيە 96-يىلى ئۇنىڭ پەتھلىرى پەنجاپ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى مولتانغىچە يېتىپ كەلدى. مولتان ئۇ فەتھە قىلغان شىمال تەرەپتىكى ئەڭ چەت رايون ئىدى. ئۇ زېمىنلاردا ئىسلام بايرىقى لەپىلدەپ ئىنسانلار كۆپ قاراڭغۇلۇقتىن ھىدايەت نۇرىغا ئېرىشتى. سەند ۋە پەنجاپتا (ھازىرقى پاكىستان) تۇنجى ئىسلام دۆلىتى مانا شۇنداق قۇرۇلدى.

ھەمزە ھەنەفى ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق شېئىر يازىدۇ:

قاسىم ئوغلى مۇھەممەد،
بارچە خىسلەت ئۇندا بار،
ياش قوماندان جەڭلەردە،
مىسلى تەستە تېپىلار.

### 3. ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ: ئابدۇراھمان نەسر

ئۇنىڭ ھاياتى ئاجايىپ ۋەقەلىكلەر بىلەن تولغان. ئۇ ئىنتايىن ئاجىز، پۈتۈنلەي

پارچىلىنىپ، ئۇرۇش ۋە پىتنە ـ پاساتلار تۈپەيلىدىن گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، يەر يۈزىدىكى بارلىق دۆلەتلەر يوتتۇلىشىنى ئارزۇ قىلىشۋاتقان، قايتا قەد كۆتۈرۈشتىن ھېچ ئۈمىد قالمىغان بىر دۆلەتنى قولغا ئېلىپ، تەڭداشسىز سەۋر، مۇستەھكەم ئىرادە، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق ۋە چىن ئىخلاس بىلەن ئەندەلۇسنىڭ تارىخىنى يېڭىدىن يازدى. ئۇ ئۆلىمالارنىڭ يۈز ئابرويىنى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈردى. مۇشرىك ۋە مۇناپىقلارنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئەندەلۇستا ھەممە ساھەدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىنتايىن ئۇلۇغ مەدەنىيەت بەرپا قىلدى، ھەتتا ئەندەلۇس ئۆز دەۋرىدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ياۋروپادىكى نوپۇزلۇق دۆلەتلەرمۇ ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ئۇنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھى ئابدۇراھمان نەسىر 22 ياش ۋاقتىدىلا بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئىدى.

بۈگۈندىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ياشلار يۇقىرى ساپا، كۈچ ـ قۇۋۋەت، يوشۇرۇن ئىقتىدار، ئالاھىدە قابىلىيەتلەرگە ئىگە. تارىخ بىزگە ياشلارنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ. چۈنكى ياشلار مىللەتنىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياشلارنىڭ ئاساسى ئىرقى، نەسەبى، مال ـ دۇنياسى ياكى چىرايى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىنىي، ئەقلىي، ئىلمىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلىنىش ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ياشلىرىدۇر.

ھەي يىگىتلەر يۈرۈڭلار،

ئالغا، يۈكسەك پەللىگە،

چاقناڭلار چولپان بولۇپ،

پەرۋا قىلماي ھەممىگە.

سۆيۈملۈك قېرىنداشىم! ئەگەر ياشلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرساق يۈز بىرىۋاتقان ئەھۋاللارنى تىلغا ئېلىشتىن خىجىل بولۇپ نومۇستىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالىمىز. ھەتتا بىز ئۇلارغا يېقىنمۇ يولۇقالمايمىز.

ئېيتقىنا چۈشمەسمۇ داغ زۇلپىقارىڭ شىنىگە،

تەققاسلىسا گەر ئۇنى كەلسە ـ كەلمەس نەرسىگە.

### بەشىنچى نوقتا: ياشلارغا نەسىھەت:

ياشلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئىسلام ئۇلارغا ياخشىلىق، قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەت ئاتا قىلدى. ئۇلار ئىسلامسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت، خارلىق، زىللەتكە مەھكۇم بولىدۇ. ياشلار ئاللاھ ئىنسانىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىشلىتىدىغان كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

ئەي قېرىندىشىم! بۇ تەۋسىيەلەر ئۈستىڭىزدىكى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان نەسىھەتلەردۇر...

ياشلار دىنىنى ياخشى بىلىشى، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە دىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، دىنىغا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈشى، قانائەت ھېس قىلىشى، پىتنىخورلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالماسلىقى، دىنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل دىن ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭ باتىل دىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئاللاھ بەرگەن كۈچ-قۇۋۋەت، جاسارەتنى دىنىنىڭ خىزمىتىگە ئىشلىتىشى كېرەك.

ئەي يىگىت بۇ سېنىڭ دائىملىق شۇئارىڭ بولسۇن. (دىنىم مېنىڭ بارلىقىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدادۇر جېنىم).

ياشلار بىلىشى كېرەككى، بۇ ئۈممەت ئەڭ ياخشى مىللەت، بۇ مىللەت دىنىغا سادىق بولسىلا بۇ سۈپەتنى يوقىتىپ قويمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۈممەت تارىختىن بېرى ئىنسانلارغا باشلامچى بولۇپ كەلگەن. ياشلار بۇ رەھبەرلىكنىڭ چوقۇم مۇشۇ مىللەتتە قېلىشى كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ پەقەت ئىسلام تەلىماتىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

ياشلار ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى، كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلىشى، شۇنداقلا لاياقەتسىز دەۋەتچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى، ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سىرت باشقىلارنىڭ ھەم جىنايىتىنى ئۆزىگە يۈكلىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلىمىكى لازىم.

ياشلار ھەر ۋاقىت ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشى تۇتۇشى، نامازلىرىنى جايىدا ئادا قىلىشى، زىكىر-تەسبىھنى كۆپ قىلىشى، ئاللاھقا دۇئا قىلىشى، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھتىن ياردەم سورىشى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى، ئەتىگەن-ئاخشامدا، ئۆيگە كىرگەن-چىققاندا، ماشىنا مىنگەندە، سەپەرگە چىققان-قايتقانلاردا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرنى تولۇق ئوقۇشى كېرەك.

ياشلار ھەققىي ئۆلگىسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلىشى، مىجەز-خارەكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدىغان قارىغۇلارچە دورىمىچىلىقلاردىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ياشلار ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى ساقلىشى، كىيىنىش، مىجەز خاراكتېر ۋە گەپ سۆزدە ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ياشلار ئاللاھ يولىدىكى تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ ئىتائەتنىڭ مۇشەققىتىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. ياخشىلىق ئەھلىدىن بولۇڭ. بۇ ياخشىلىق سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتسۇن. سىز ئۇنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىدىغان بولۇڭ. گۇناھ-مەئسىيەتتىن

يىراق تۇرۇش، ئۇنى قەلبىڭىزگە ئەسلا كىرگۈزمەك ۋە قەلب ئىشىكىڭىزنى يامانلىق ئۈچۈن ئاچماسلىق. چۈنكى يامانلىق پەقەت شەيتاننىڭ ۋەس-ۋەسسىسى ۋە نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىق ئاسان، يامانلىق جاپا-مۇشەققەتلىك بولىدۇ. كىمگە ئاللاھ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ».

مۇسۇلمان ياشلار ھالال قىلىنغان نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىشى، ھالال ئارقىلىق ئۆزىنى خۇشال قىلىشى، ھارامدىن يىراق تۇرۇشى لازىم. چۈنكى ھەقىقى خۇشاللىق، دىل ھۇزۇرى ھالال نەرسىلەردە ۋە توغرا ئەمەللەردە بولىدۇ، ھارامنىڭ جازاسى ئېغىر بولىدۇ، شۇڭلاشقا «ئى ئاللاھ مېنى ھالال ئارقىلىق ھاراملاردىن ساقلىغىن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن باشقىغا موھتاج قىلمىغىن»، دېگەن دۇئالار ئۇنىڭ دائىم قىلىدىغان دۇئاسىغا ئايلىنىشى كېرەك.

ياشلارنى باتىل دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئولجىسى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەققەت ۋە ئىسلاھاتتەك كۆرۈنىدىغان، بۇزۇق ئىدىيە-پىكىرلەرگە قارىتا ئېھتىياتچان بولۇشقا، بىرەر پىكىر ياكى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمىز.

### قەدىرلىك ياشلار!

ياشلىقنىڭ قىممىتىنى، قىيامەت كۈنى ياشلىق ھەققىدە ئىككى قېتىم سورىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ قەدىمى تاكى بەش نەرسە ھەققىدە سوراقتا تارتىلماي تۇرۇپ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلمايدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتتى، ياشلىقنى نېمە بىلەن قېرىتتى، پۇل-مېلىنى قەيەردىن تاپتى ۋە نېمىگە خىراجەت قىلدى ھەمدە ئۇ ئالغان ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى»[1].

ياشلار تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى، ھەر دائىم ئاكتىپ ۋە چىدامچان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۈممەتنىڭ گۈللىنىشى پەقەت ئۇلار ئارقىلىقلا رويابقا چىقىدۇ.

ئاخىردا رەببىمىزدىن ياشلارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پىتنىلەردىن، يامانلىقلاردىن، ھەر تۈرلۈك خاتالىقلاردىن، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشىنى، ئۇلارنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشىنى سورايمىز.

—— بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدىي

[1] دارىمى رىۋايەت قىلغان.



# قىرىق ياشقا كىرگەنلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار

ئابدۇلئەھەت ئۇجات تەييارلىغان

قىرىق ياش باسقۇچى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرى. ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشى، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنىڭ يېتىلىشى، ھەتتا مېڭە قورۇلمىسىنىڭ تولۇقلىنىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بۇ باسقۇچتا كامالەت تاپىدىغانلىقى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت.

بەزى كىشىلەر بۇ باسقۇچنى ئىنسان ئۆزىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئالتۇن دەۋرى دەپ قارايدۇ. مىسىرلىق ئەدەبىياتچى ۋە شائىر مۇستاپا لۇتفى ئەلمەنفۇلۇتى قىرىق ياشقان كىرگەن ۋاقتىدا يازغان بىر يازمىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدىم. خاتىرجەم چۈشەمدىمەن ياكى ئاخىرقى قارارگاھىم بولغان قەبرىگە چۈشەمدىمەن بىلمەيمەن دەپ، ياشلىق ھاياتىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئالغان، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەندىن كېيىنكى ئارزۇسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھى بولغان قەبرى ھاياتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يازغان.[1]

بىر قىسىم تەپسىر ئالىملىرى، قۇرئان كەرىمدىكى: «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى فەيسەلنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەنلەرگە مەكتۇپ ناملىق ماقالىسى.

ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى، پەيغەمبەر) كەلدىغۇ»[1] دېگەن ئايەتتىكى، «ۋەز-نەسىھەت ئاڭلىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەرگە قىرىق يىل ئۆمۈر بەرمىدىممۇ دېگەن بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەدىنىلىكلەرنىڭ يېشى قىرىققا يەتسە، ئىبادەتكە بېرىلىپ كېتەتتى. بەزى (ئادەملەر) نىڭ بالاغەت يېشى قىرىق ياشتۇر،[2] دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە دۇئانى خاس قىلغان ياشمۇ قىرىق ياش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن دەيدۇ.»[3]

كۆپ ساندىكى ئالىملار قىرىق ياشقا كىرگەن كىشىنىڭ كېلىچەكى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى قىرىق ياش ئادەمنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى تولۇپ تاشقان ۋە قىرانلىق چاغلىرىدىن ئۆتۈپ زەئىپلەشكە قاراپ قەدەم باسقان، شۇنىڭدەك دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەت ھاياتىغا بەكرەك يېقىنلىشىپ قالغان ئۇقتىلىق ياش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك قىرىق ياش يولنىڭ ئايرىلىش ئۇقتىسى ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان، ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، قالغان ھاياتىدا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق باسقۇچ.

مېدىتسىنا ئالىملىرى،ئىنسان قىرىق ياشقا كىرگەندىن كېيىن جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا قەن كېسىلى، قان بېسىمى، قاننى ماي قاپلاپ كېتىش دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە مۇھىم ئۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن.[4]

مەن بۇ ماقالىدە، قىرىق ياش ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىش بىلەن بىرگە، ناھايىتى مول تەجرىبە-ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولغان، مۇبارەك

---

[1] سۈرە فاتىر 37-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ياخشىلار باغچىسى
[3] سۈرە ئەھقاف 15-ئايەت.
[4] ئابدۇللاھ ئىبنى فەيسەلنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەنلەرگە مەكتۇپ ناملىق ماقالىسى.

ياش باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئىنسان ئاخىرەت هاياتىغا خاتىرجەم ۋە بەختلىك هالدا قايتىش ئۈچۈن قىرىق ياشتىن كېيىن ئاخىرەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ بەكرەك ئەهمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇهىم ئىشلار دەپ قارالغان بەزى ئىشلار هەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1 ـ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئومۇمىي جەهەتتىن تەكشۈرۈپ هېساپ ئېلىپ تۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈشى.

تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك سوئال، كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئومۇمىي هېساپ ئېلىشىغا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى سوئال: مەن دۇنياغا كېلىپ، هازىرغىچە نېمىلەرنى قىلدىم؟

ئىككىنچى سوئال: بۈگۈن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟

ئۈچىنچى سوئال: كەلگۈسىدە نېمە قىلىشىم كېرەك ۋە نېمە قىلالايمەن؟

ئەگەر كىشى يۇقىرىدىكى ئۈچ سوئالغا توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئەستايىدىل باش قاتۇرىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى هاياتىغا ناهايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

2 ـ ئىز قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئەستايىدىل ئويلىنىش:

ئىنسان، قانداق قىلىپ بۇ دۇنيادا ياخشى ئىز قالدۇرۇپ كېتەلەيمەن؟ قانداق قىلسام، مەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىم ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر هەققىدە ناهايىتى ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك.

ئەگەر، كىشى بۇ هەقتە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تىرىشسا ۋە ئاللاهدىن هىممەت قىلسا، ئاللاه ئۇنىڭغا بۇئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ قويغان ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىمۇ ئاللاه خالىغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىپ، ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردە، قىرىق ياشتىن ئاشقانلار ياخشى ئىز قالدۇرۇشنى ئويلىشى كېرەك دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئىنسان كۆپىنچە ئەهۋالدا قىرىق ياشقا كىرگەندە مول تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. هەر جەهەتتىن يېتىشىپ، ئۇممەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا قابىل سالاهىيەتكە ئېرىشىدۇ. لېكىن بۇ ئىش، ئانچە ئاسان ئەمەس، ئەمما تىرىشقان ۋە ئاللاه ئاسانلىق بەرگەن كىشى ئۈچۈن قىلالمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

مەسىلەن: مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن قارىيلارنىڭ قىرائەتلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە ئۇستازلار تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان تەبلىغ، ۋەز ـ نەسىھەت، كىتاب ۋە ھەرخىل ئەسەرلەر، مەسچىت، مەكتەپ، دوختۇرخانا بىنا قىلىش، ئىمانلىق، ئىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش قاتارلىق ئىشلار بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ كېتىشكە تېگىشلىك ياخشى ئىشلاردىندۇر.

3 ـ ئىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى مىراس قالدۇرۇش:

قىرىق ياشتىن ئاشقان كىشى ئىلمىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆزىدىن كېيىنكى ياشلار ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئالىم ئىلمىنى ئەتراپىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا يەتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق قىلىشى، دەۋەتچىمۇ دەۋەت ساھەسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆزىدىن كىچىك ياش دەۋەتچىلەرگە مىراس قالدۇرۇشى، ھەتتا سالىھ ئىنسانلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش سالىھ كىشىلەرنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا تىرىشىشى لازىم.

4 ـ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش:

قىرىق ياشقا كىرگەنلەر ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تەلەپ، ماقالىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسان قىرىق ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنئۆزىنى ئومۇمى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئىنسان بۇ ئارقىلىق قىرىق ياشقىچە بولغان ئارلىقتا نېمىلەرنى ۋە قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ نېمىلەرگە سەل قارىدى؟ قانداق قىلغاندا ئىلگىرى سەل قارىغان ياكى كەتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش مۇمكىن؟ ئۆزىدە قانداق قابىلىيەتلەر بار؟ ئۆزىدىكى مەۋجۇت قابىلىيەت ۋە كۆز ئالدىدىكى پۇرسەتلەرنى قەدىرلەش ئارقىلىق قانداق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشى لازىم.

ئىنسان قىرىق ياشتىن ئاشقاندا ئۆزىدىكى ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەرەپلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ياكى خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1. ئىمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە نەسىر جەھەتتىنمۇ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. بەندىنىڭ رەببىي بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۈچلۈك بولىشى، ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ياش تۆكۈشى، قەلبىدە ئاللاھقا بولغان چىن سۆيگۈسى، چوڭقۇر سۆيىنىش ۋە ھۆرمەتنىڭ جۇلالىشى نېمە دېگەن ياخشى؟ نېمە دېگەن بەختلىك ھايات ـ ھە؟ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقىي بەخت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھاياتىدۇر. تۆۋەندە ئىنسان ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى

ئۆچۈن تۈرتكە بولىدىغان بەزى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## كېچە نامىزى

كېچە نامىزى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنىدى، كىتاب ۋە ماقالىلار يېزىلىدى. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە، بۇ ھەقتە يېزىلغانلارغا كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئەمەل قىلالماسلىقىدۇر. شۇنداقتىمۇ كېچە نامىزىدىن مەقسەت: پەقەت تەھەججۇت نامىزى ئەمەس، بەلكى نامازا شام بىلەن نامازا خۇپتەن ئوتتۇرىسىدا ياكى نامازا خۇپتەندىن كېيىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان نامازلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، كۆپىنچە كىشىلەر ئەمەل قىلغان بولاتتى.

ھەقىقەتەن كېچە يېرىمىدا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى ئۇلۇغلىقىدا گەپ يوق، لېكىن مەزكۇر ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇش، كۆپىنچە كىشىلەرگە نىسبەتەن، پەقەت ئۇقۇماي زايا قىلىۋەتكەندىن ئەۋزەل، چۈنكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، يا بولمىسا ھېچ ئوقۇمايدۇ.

شۇڭا بۇنىڭ ئەمەلىي چارىسى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، يېتىشتىن بۇرۇن كۆچىنىڭ يېتىشچە نەپلە ناماز ئوقۇش، ئەگەر كېچىنىڭ ئاخىرىدا ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالىسا، كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇش ھەقىقەتەن ئەۋزەلدۇر، چۈنكى كېچە قىيامى قەلبنىڭ سۆيىندىغان ۋە گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىدىغان، ھەر شەيئى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان زات جانابى ئاللاھقا ئۆزىنىڭ قەلب سىرىنى ئاچىدىغان، بەندىنى رەببىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە سەھەر شامالىرىنىڭ ھىدىنى ھەر يەرگە تارىتىدىغان ئەڭ گۈزەل ۋاقىتتۇر.

## تاڭ ئېتىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى تۇرۇش

تاڭ ئېتىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى تۇرۇش، بۇ كۆپىنچە كىشىلەر قىلالايدىغان ئىش بولۇپ، پەقەت ئەزان ئوقۇغاندا ياكى ئەزاندىن كېيىن تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن تۇرۇپ، بەش مىنۇتتا تاھارەت ئالسا، بەش مىنۇتتا دۇئا تەلەپ قىلسا، بەش مىنۇت تەۋبە ئىستىغپار ئېيتسا، قالغان 15 مىنۇتتا نەپلە ۋە ۋىتىر نامىزى ئوقۇسا، پەزىلەتلىك ۋاقىتنى قولدىن بەرمىگەن ۋە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»[1]. «سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر»[2] دەپ سۈپەتلىگەن مۆمىن ـ مۇسۇلمانلاردىن بولىدۇ.

[1] سۈرە زارىيات 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئالى ئىمران 17 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەببىمىز تابارەك ۋەتائالا ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: «كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىم مەندىن (بىر نەرسە) سورايدۇ؟ ئۇنىڭغا (سورىغىنىنى) بېرىمەن ۋە كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن» دەيدۇ».[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە نامىزى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئۇخلايتتى، ئاخىرقى ۋاقتىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى» دەپ، جاۋاب بەرگەن.[2]

يەنە بىر ھەدىستە، باشقىلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېچىدە قايسى ۋاقىتتا قوپۇپ ناماز ئوقۇيتتى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىسا قوپاتتى» دەپ، جاۋاب بەرگەن.[3]

بەزىلەر نىمشىكە بامدات نامىزىدىن بىر سائەت بۇرۇن تۇرۇش دېمەي، پەقەت يېرىم سائەت بۇرۇن تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىسىز دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنداق دېيىشىمدىكى مەقسەت، كۆپىنچە كىشىلەر ئەمەل قىلالمايدىغان غايىۋىي ئىشنى ئەمەس، بەلكى ئىماننى يېڭىلاش ئۈچۈن ئىرادىلىك ھەممە ئادەم قىلالايدىغان، ئاسان ۋە ئەمەلىي چارە سۈپىتىدە، ئۇيغۇن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

### نەپلە روزا تۇتۇش

ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە كۈنلەردە نەپلە روزا تۇتۇش، ئىماننى يېڭىلاشنىڭ بىرخىل تۈرى. كۆپىنچە كىشىلەر ھىجرىيە كالىندارى بويىچە ھەر ئاينىڭ 15 ـ 14 ـ 13 كۈنلىرى تۇتىدىغان نەپلە روزىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقىمۇ ئادەتلەنمىگەن. كىمكى بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنسە ئىماننى يېڭىلاشنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

روزا ئىبادىتى نەپسىنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭدىن ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، خاتالىقلارغا كاپارەت بولۇش، گۇناھلاردىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ۋە دوزاختىن ساقلىنىش جەھەتلەردە تەسىرى كۈچلۈك ۋە تەڭداشسىز ئىبادەتتۇر.

شۇڭلاشقا روزا «تەڭداشسىز ئىبادەت» دەپ تەرىپلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتقىن، ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ئىبادەت يوق.»[4] يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ

[1] بۇخارى رىۋايىتى
[2] بۇخارى رىۋايىتى
[3] بۇخارى رىۋايىتى
[4] (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

يولىدا بىركۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەم بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدەك كېلىدىغان بىر خەندەكنى پەيدا قىلىدۇ».[1]

شۇنداقلا جەننەتتىكى «رەييان» ناملىق ئىشىكتىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرەلەيدىغان بولۇپ، ئۇلار تولۇق كىرىپ بولغاندا ئۇ ئىشىك تاقىۋېتىلىدۇ.

### تەۋبە

قىرىق ياشتىن ئاشقانلارنىڭ تەۋبىگە ئالدىرىشى ئالاھىدە پەرزدۇر. قىرىق ياشتىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ گۇناھ ـ مەسىيەتتىن قول ئۈزمىگەن، نادانلىقىدىن يانمىغان كىشى، ئەجىلىنىڭ غەيبلىكىگە ئالدىنىپ، قۇرۇق ئارزۇ ـ ئۈمىتلەر بىلەن يامان ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمايدىغان بەختسىز كىشىدۇر.

ھەسەن ئەلبەسرى[2] ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا[3] ئوخشىغان سەلەف ـ سالىھ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ ئايەتتىكى: ﴿(ئاللاھ ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»﴾[4] دېگەن بۇ ئايەتتىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىدىن مەقسەت قىرىق ياشتۇر دېگەن.

قىرىق ياشقا كىرگەندىن كېيىن تەۋبە قىلغان كىشى گۇناھ ـ مەسىيەتتىن قول يىغىش، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ھەقىقىي مەنىدە تەۋبە قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى كېرەك. تەۋبە قىلغاندىمۇ خالىس قىلىشى، ئىخلاسدا ئەمەسئەمەلىيتى بىلەن گۇنا مەسىيەتتىن قول ئۈزۈشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيىتى بىلەن خاتالىقتىن يانمىغانلارنىڭ تەۋبىسى تەۋبىنىڭ شەرتىگە چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، شەرئەت مەقسەت قىلغان تەۋبە بولالمايدۇ، چۈنكى شەرئەتتىكى تەۋبىنىڭ غايىسى تەۋبە قىلغۇچىنى بۇرۇنقى پۈتۈن خاتا قىلمىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، تېخىمۇ ئەۋزەل بىر ھاياتقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك، تەۋبىدىن مەقسەت ناچار ھاياتتىن ئەۋزەل ھاياتقا يۆتكىلىش دېگەنلىكتۇر.

بىر قىسىم سەلەف سالىھلارنىڭ قىرىق ياشقا كىرگەندە تەۋبە قىلىشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرى:

مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قىرىق ياشقا كىرسە ئاللاھقا ئاسىيلىق

---

[1] (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).
[2] سىيەر ئەئلام نۇبەلائ
[3] تەپسىر ئىبنى كەسىر
[4] سۈرە فاتىر 37 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

قىلىشتىن ساقلانسۇن»[1]، دېگەن.

مۇھەممەد بىن ھۇسەين رەھمەھۇللاھ: «كىشى قىرىق ياشقا كىرسە ئاسماندىن بىر چاقىرغۇچى چاقىرىپ، سېنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدى، ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ھازىرلانغىن دەيدۇ»[2]، دېگەن.

ئىبراھىم ئىبنى نەخەئى مۇنداق دەيدۇ: «سەلەفلەر قىرىق ياشقا كىرگۈچە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەيتتى، قاچانكى قىرىق ياشقا كىرسە دۇنيالىق ئىشلارنى تاشلاپ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى».

## 2. ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش

ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئىنتايىن ياخشى ۋە مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ، ئەخلاقى ناچار ياكى ئۆزىدە ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان كىشىلەرنىڭ، ئۆزىنىئەخلاقىيجەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشى ھەقىقەتەن ماختاشقا تېگىشلىك گۈزەل پەزىلەتتۇر.چۈنكى ئىنساننىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىسلام دىنى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك دەۋرىدىن باشلاپ ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، مەككە دەۋرىدە نازىل بولغان ئايەتلەر بولسۇن ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر بولسۇن، ئوخشاشلا ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى،[3] ئاللاھ تائالانىڭ: «ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاققا ئىگىسەن»[4] دېگەن ئايىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر قىرىق ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا يامان سۆز قىلغۇچى، سۆرەن چىقارغۇچى ئادەمنى يامان كۆرىدۇ».[5]

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟»، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالادىن قورقۇش

[1] تەزكىرەتۇلھەمدۇنىيە 6\11

[2] تەزكىرەتۇلھەمدۇنىيە 6\11

[3] مۇسنەد ئەبۇ ھۇرەيرە، 8952 ـ ھەدىس. شۇئەيب ئەل ئارناۋۇت سەھىھ دېگەن. ھاكىم مۇستەدرەك

[4] سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت.

[5] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ۋە گــۈزەل ئەخــلاق» ، دېگــەن.[1]

مۆئمىنىنىــڭ ئىمانىنىــڭ كامىــل بولۇشــى ئەخلاقىنىــڭ گــۈزەل بولۇشــى كېرەكلىكــى ھەققىدە،ئەبــۇ ھۇرەيــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىۋايــەت قىلغــان ھەدىســتە پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «مۆئمىنلەردىــن ئىمانــى ئــەڭ مۇكەممــەل بولغانلىــرى ئۇلاردىــن ئــەڭ گــۈزەل ئەخلاقلىــق بولغانلىرىــدۇر. ســىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغــا ياخشــى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ھېسابلىنىسىلەر» . [2]

ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا رىۋايــەت قىلغــان ھەدىســتە پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى ئاڭلىغــان: «شۈبھىســىزكى، مۆئمىــن ئــادەم ئۆزىنىــڭ گــۈزەل ئەخلاقــى بىلــەن كۈنــدۈزى روزا تۇتــۇپ، كېچىســى ئىبــادەت قىلغۇچىنىــڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ» .

ئەبــۇ ئۇمامــە باھىلــي رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىۋايــەت قىلغــان ھەدىســتە پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «گەرچــە ھــەق ئــۆزى تەرەپتــە بولســىمۇ جېدەللىشىشــنى تــەرك ئەتكــەن كىشــىنىڭ جەننەتنىــڭ ئوتتۇرىســىدىكى بىــر ئۆيگــە ئورۇنلىشىشــىغا كېپىلمەن. چاقچــاق قىلىــپ بولســىمۇ يالغــان ســۆزلىمىگەن كىشــىگە جەننەتنىــڭ ئوتتۇرىســىدىن بىــر ئۆيگــە ئورۇنلىشىشــىغا كېپىلمــەن. گــۈزەل ئەخــلاق ئىگىســىگە جەننەتنىــڭ ئــەڭ ئۈســتۈن جايىدىــن بىــر ئۆيگــە ئورۇنلىشىشــىغا كېپىلمــەن» .[3]

يۇقىرىدىكــى ئايــەت ۋە ھەدىســلەردىن: گــۈزەل ئەخلاقتــا ياخشــىلىق بارلىقــى، چۈنكــى گــۈزەل ئەخــلاق ئىگىســىنىڭ ياخشــى ئەمەللىرىنــى قىلىشــقا، يامانلىقنــى تــەرك ئېتىشــكە ئالدىرايدىغانلىقــى، گــۈزەل ئەخلاققــا ئىمــان قوشۇلســا ئاخىرەتتــە كىشــىگە پايدىلىــق ئىكەنلىكــى، ئىمــان بىلــەن گــۈزەل ئەخــلاق ئوتتۇرىســىدا زىــچ باغلىنىــش بارلىقــى، بەنــدە گــۈزەل ئەخلاقلىــق بولغانــدا ئىمانىمــۇ كامىــل بولىدىغانلىقــى، گــۈزەل ئەخلاقنىــڭ ســاۋابى ئــەڭ كــۆپ بېرىلىدىغــان پەزىلەتلىــك ئىــش ئىكەنلىكــى، [4] چۈنكــى گــۈزەل ئەخلاققا گۈزەل پەزىلەتلەرنىــڭ ھەممىســى جەملەنگەنلىكــى ئۈچــۈن ھەربىــر مۇســۇلماننىڭ، بولۇپمــۇ قىرىــق ياشــتىن ئاشــقان، دۇنيــا ھاياتىدىــن مەڭگۈلــۈك ئاخىــرەت ھاياتىغــا يېقىنــراق بولغــان قىرىق ياشــتىن ئاشــقان كىشــىلەرنىڭ ئەخلاقــي جەھەتتىــن ئۆزىنــى ئىســلاھ قىلىشــىنىڭ ئىنتايىــن مۇھىــم ئىكەنلىكىنــى چۈشــىنىپ يېتەلەيمىــز.

### 3. ئىلمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

ئىلمىــي جەھەتتىن ســاپانى ئۆســتۈرۈش ياكــى ئۆزىنىڭ ئىلمىــي جەھەتتىكــى كەمچىلىكلىرىنى

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[4] ياخشىلار باغچىسى ئەخلاق بابى.

تولۇقلاش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ ھەربىر مۇسۇلمان، جۈملىدىن ھەربىر ئۇيغۇر باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭدەك قىرىق ياشقا كىرگەن ياكى قىرىق ياشتىن ئاشقانلارنىڭمۇ، بىلمىگەننى ئۆگىنىش ۋە داۋاملىق شەكىلدە ئىلىم تەلەپ قىلىشى زۆرۈردۇر. چۈنكى، بىز ئىلىم ئارقىلىق روشەن پاكىتقا ئىگە بولىمىز، ياخشى ئىشلار بىلەن يامان ئىشلارنى ئايرىيالايمىز. ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىزنىڭ توغرا بولۇشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن شۇ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى بىلىش زۆرۈر بولغىنىدەك، دۇنيالىق ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مۇستەقىللىقتىن كېيىنمۇ مىللىتىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ يەنىلا ئىلىمگە ئېھتىياجىمىز بار. شۇڭا، چوڭ-كىچىك ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىشى مۇھىم ۋە پەرزدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، دېگىن» [1] «ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟». [2] «ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ». [3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنىي ئىلىملەرگە ئالىم قىلىدۇ». [4]«ئىلىم بولسا ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.»([5]) «كىمكى ئىلىم ئىلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ». [6] «كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىدا سەپەرگە چىقسا، تاكى قايتىپ كەلگۈچە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ». [7]

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ ئىلىم بىلەن جەننەتنىڭ يولىغا ماڭدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ. ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار)دىن تارتىپ سۇدىكى بېلىقلارغىچە ھەممە جانلىق ئالىم ئۈچۈن ئىستىغفار ئوقۇيدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى تولۇن ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلارغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن-كۈمۈش مىراس قالدۇرغىنى يوق، ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى ئىلىم ئۆگەنسە، تولۇق نېسىۋىگە

[1] سۈرە تاھا 114-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 9-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)
[3] سۈرە مۇجادىلە 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئەبۇ ئاسىم بىلەن تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىسنادى ھەسەن. (فەتھۇل بارى).
[6] مۇسلىم رىۋايىتى.
[7] تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ئېرىشكەن بولىدۇ»[1].

يۇقىرىدىكى ئايەت ھەدىسلەردىن: ئىلىمنىڭ ئەڭ زور ۋە شەرەپلىك بايلىق ئىكەنلىكى، ئىلىم ئۆگەنگەنلەر بىلەن ئىلىمسىزلەرنىڭ دەرىجىدە باراۋەر ئەمەسلىكى، ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى، ئىلىمنىڭ ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى، ئىلىمنىڭ مۇسۇلماننى روشەن پاكىتقا ۋە توغرا ئىشلارنى خاتاسىدىن ئايرىيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى، ئىلىم تەلەپ قىلىش ئاللاھ تائالا يولىدا كۈرەش قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا جان ئۈزگەن كىشىگە شېھىتلىكنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ نەفلە ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن روشەن ۋە ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. [2]

يۇقىرىدىكى قۇرلارنى ئوقۇپ چىققان بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز، ياش قىرىققا يەتكەندە ئىلىم تەلەپ قىلىش ياكى ئوقۇشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئويلىشى، ئۆزىنىڭ ئوقۇشقا ئىنتىلمەسلىكىگىمۇ باھانە ياكى تەسەللى تېپىشى مۇمكىن. لېكىن بىز تارىخ بەتلىرىگە ۋە بىر قىسىم ئالىي ھىممەتلىك، ئىرادىسى مۇستەھكەم، ئىلىم سۆيەر زاتلارنىڭ ئىش ئىزلىرىغا قارايدىغان بولساق، ھەقىقي ئىرادە ۋە ئالىي ھىممەتلا بولىدىكەن، ياشنىڭ چوڭلۇقى، ھەر قانداق شارائىت ۋە ماكاننىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن توسالغۇ بولالمايدىغانلىقى، ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ تىرىشىدىغان بولساق، يېشىمىزنىڭ قىرىقتىن ھالقىشىغا قارىماي ئىلمىي جەھەتتىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1ـ شافىئىي مەزھىبىنىڭ مۆتىبەر ۋە مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئىمام قەففال[3] رەھىمەھۇللاھ، 30 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، (شۇ زامان ئېتىبارى بىلەن ئوقۇش يېشىدىن خېلى ھالقىغان ياشتا) فىقھى ئىلمىغا قىزىقىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىشتا، تەقۋالىقتا ۋە زاھىدلىقتا شۇ زاماننىڭ بىردىنبىر ئۈلگىلىك كىشىسى بولغان، ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدا «ئىنسان شەكلىدىكى پەرىشتە» دەپ ئاتالغان.

2ـ ئالىملارنىڭ سۇلتانى دەپ ئاتالغان كاتتا ئالىم ئىززىددىن ئىبنى ئابدۇسسالام، ئىلىم تەلەپ قىلىشنى كېچىكىپ باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالىملارنىڭ مەجلىسلىرىدە كۆپ ئولتۇرۇپ قويىقانلىقتىن، ئاخىرى ئىلىمدا بۈيۈك پەللىگە يېتىپ، شام رايونىدىكى

[1] ئەبۇ داۋۇد 3641 (ئەلبانى 2159 سەھىھ، دېگەن)؛ تىرمىزى 2682؛ ئىبنى ماجە 223؛ ئەھمەد 196/5؛ ئىبنى ھىببان 88.
[2] ياخشىلار باغچىسى: ئىلىمنىڭ پەزىلىتى بۆلۈمى.
[3] تولۇق ئىسمى ئەبۇ بەكرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلمەرۋەزى ئەلخۇراسانى. ئىمام قەففال رەھىمەھۇللاھ ھىجرىيە 417ـ يىلى، 90 يېشىدا ۋاپات قىلغان.

ئالىملارمۇ زور ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ ئۈستۈن مەنسەپ بولغان ئۇمەۋىي جامەسىنىڭ ئىمامى بولغان.

3 ـ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئىمام كەسائىي، قۇرئان ياشتا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا باشلىغان.

4 ـ مىسىرلىق شەيخ خالىد ئەلئەزھەرىيمۇ 36 ياشتا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا باشلىغان ۋە شۇ زاماندىكى مەشھۇر ئەزھەر ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

5 ـ سالىھ سەلمان: ئىلىم ئىگەللەش ۋە ئىلمىي ساپانى ئۆستۈرۈشنىڭ، ھەققىي ئىرىشقان كىشىلەر ئۈچۈن قۇرئان ياشتىن كېيىنمۇ مەلۇم ساھەدە يېتىشىپ چىقىشنىڭ تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىگە جانلىق شاھىدلاردىن بىرى. تۈركىيەدە تونۇلغان، 3 خىل تىلنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنى يادلىغان مەشھۇر ئۆپىراتسىيە دوختۇرى سالىھ سالماندۇر. چۈنكى دوكتور سالىھ سەلمان 3 تىلنى مۇكەممەل بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلمەسلىكى ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈركىيەدىكى داڭلىق جامائەتلەردىن بىرى بولغان ئىسمائىل ئاغا جامائىتىنىڭ قارىخانىلىرىدىكى 18 ياشلىق بىر قارىنى ئۇستاز تۇتۇپ 10 يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى يادلاپ چىققان.[1]



يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زاتلار، ئوقۇش يېشىدىن ھالقىغان ياكى قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا قەدەم بېسىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان نۇرغۇن كىشىلەردىن پەقەت بىر قانچىسىدۇر. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر قانچە ئالىمنى ئۆلگە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

تۆۋەندە قىرىق ياشقا كىرىش ئالدىدا تۇرغان ياكى قىرىق ياشقا كىرىپ بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە بىر قانچە تەۋسىيە ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.

### ئىلمىي ساپايىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىسقىچە تەۋسىيە:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ تەجۋىد قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بولساق، بىرەر ئۇستاز تۇتۇپ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىش ۋە ئەڭ ئاز بىر پارە قۇرئان يادلاش.

[1] dil_bilen_salih_selman_ _3_https://www.yenisafak.com/hayat/cerrah_hafiz_guresci 3518864_sakalliysan_camide_ortuluysen_evde_olmalisin

2. ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنى تەلەپكە لايىق ھالدا ئادا قىلغۇدەك سەۋىيەدە ئىبادەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش.

3. ئۆزىگە قەرەللىك ۋاقىت بەلگىلەپ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىش.

4. دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە ھەرخىل تېمىلاردىكى لېكسىيەلەرگە قاتنىشىش.

5. ئىمكانىيەت ۋە شارائىتى يار بەرگەن تەقدىردە، يىراقتىن ئوقۇيدىغان مەكتەپ ۋە كۇرسلارغا تىزىملىتىپ مەلۇم ساھەدە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش.

6. تەن ساغلاملىقىغا ۋە تەنتەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىش:

ئىنسان ئۈچۈن تەن سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم. تەن سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئادەمنىڭ ئاخىرەتلىك ئەمەل ـ ئىبادىتى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بۆرەك ۋە كۆزگە ئوخشاش مۇھىم ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قالغان كېسەللەر بولۇپمۇ مېيىپلار، ئۆزلىرىنىڭ شۇ كېسەللىك ئەھۋالىدىن قۇتۇلۇپ، يوقىتىپ قويغان ئەزاسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىشقا رازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا ئارمانلىرىغا يېتەلمەيدۇ.

مانا بۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ كېسەلدىن خالىي ۋە تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى، دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بەكمۇ ئەپسۇس كۆپىنچە كىشىلەر كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن تەن سالامەتلىكىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ياكى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى نېمەت بار، كۆپ كىشىلەر ئۇ ئىككى نېمەتتىن زىيان تارتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىت». شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ھاياتىنىڭ پۈتۈن باسقۇچلىرىدا بولۇپمۇ، قۇرۇق ياشتىن كېيىنكى باسقۇچتا ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، مۇشۇ ياشتىن كېيىن سالامەتلىككە زىيانلىق دەپ قارالغان ئۇن ۋە شېكەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئاز ئىستېمال قىلىشى، مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتنى كۆپ ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە دوختۇر زىيانلىق دەپ بەلگىلەپ بەرگەن يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

قىرىق ياشتىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇھىم بىر مەسىلە قەرەللىك ھالدا بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇخلاش ۋاقتى ۋە سائەتلىرىنى ئالاھىدە رەتكە سېلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئومۇمىي بەدەن ساغلاملىقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. دوختۇرلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر قىرىق ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق تەنھەرىكەت، ـ مېڭىش، يۈگۈرەش ۋە سۇ ئۈزۈش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىسىمۇ، ئەگەردە كىشىنىڭ سالامەتلىكىدە مەسىلە بولسا، بەدەن چېنىقىشنى مەخسۇس دوختۇرنىڭ

كونتروللۇقىدا پىلانلىق ئىلىپ بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم.[1]

7. مۇمكىن بولسا سەدىقە جارىيە بولىدىغان بىرەر ئىشنى قالدۇرۇپ قويۇش:

سەدىقە جارىيە مەلۇم زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان، خەيرى ئېھسان قىلغۇچى ۋاپات قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەمەل دەپتەرلىرى يېپىلىپ قالماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ناھايىتى كاتتا ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە بەدىلى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلارغا يەنە كاتتا مۇكاپات بار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە جارىيەنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن باشقا ئەمەللىرى توختىغان بولىدۇ. سەدىقە جارىيە، يەنى پايدىسى ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىدىغان خەيرى-ئېھسان. ئومۇمغا مەنپەئەت بېرىدىغان ئىلىم ۋە ئۇ ھەققىدە دۇئا قىلىدىغان سالىھ پەرزەنت.»[3]

خۇلاسە:

ماقالىنىڭ بېشىدا ئەسلىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنساننىڭ قىرىق ياشتىن كېيىنكى باسقۇچى، ئىنسان ئەقلىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىبرەت ۋە نەسىھەت ئالغان بىر باسقۇچ بولۇپ، مۇھىم بولغىنى، قانداق قىلىپ بىر ئۆمۈر ئۆزىدە يېتىلگەن بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزى ۋە جەمئىيەتنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىشتۇر.

شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنى تېخىمۇ مەنپەئەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان ھەربىر كىشى، قىرىق ياشتىن بۇرۇنقى ئۆمرىنى پىلانلىق ھالدا مەنپەئەتلىك ئۆتكۈزۈپ قىرىق ياشقا قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ، ئەنە شۇ خىزمەتلىرىنى ئاشۇ تەجرىبە-ساۋاقلار بىلەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك داۋاملاشتۇرۇشى ۋە ھايات پىلانىنىڭ ئىچىگە 50 ياشتىن كېيىنمۇ قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ياخشى خىزمەتلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۆمرىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مىللەتكە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەنپەئەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

—— بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان ئابباس

[1] https://hthayat.haberturk.com/saglik/beslenme/haber/1048815-40-yas-beslenmesi-nasil-olmali

[2] سۈرە ھەدىد، 18-ئايەت

[3] مۇسلىم رىۋايىتى




«ئى پەيغەمبەر، ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن.»[1]

مەككە زېمىنىدا نۇر چاچقان مۇقەددەس ئىسلام دىنى چەكسىز قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىن ھالقىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسىملىك بىر بىپايان جۇغراپىيەگە يېتىپ كەلدى. بۇ تېپەرەسلىك ئەقىدىسى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بۇ خەلق بولۇپمۇ خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى ناھايىتى تەسلىكتە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن چىن ساداقەت ۋە سەممىي ئېتىقاد بىلەن ئۇ دىنىنى سۆيۈپ، مۇستەھكەم ئېسىلىپ كەلدى.

تارىختىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئاخىرقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتى بىلەن قوشقاندا بەش قېتىم بېسىۋالغانلىقى مەلۇم[2]. مىلادى 737 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىشغالىيەت، زىياد ئىبنى سالىھ قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قوشۇنىغا ياردەم بېرىشى بىلەن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىنكى 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا قەدەر خىتاي قوشۇنلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسىغىمۇ يېقىن كېلەلمىگەن ئىدى. ئەمما خەلقىمىز ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يىراقلىشىپ، جاھالەت قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان، ئىچكى

[1] ئەھزاپ سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.
[2] ئۇنتۇلغان ئىسلام رايونى شەرقى تۈركىستان (ئەرەبچە)، توختى ئاخۇن ئەركىن، بېشىل ئەندولۇس نەشرىيات ئىدارىسى، 2000 ـ يىل نەشرى، 140 ـ بەت.

زىددىيەت ۋە پارچىلىنىش ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە بولسا ختاي ئىستىلاسىنىڭ تەكرار زەربىسىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان روشەن ھەقىقەت.

1878-يىلدىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن باشلانغان مۇستەملىكە ئاستىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق ھاياتقا 1933 ۋە 1944-يىللىرىدىكى ئىنتايىن قىسقا بولغان مۇستەقىللىق يىللىرى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەندەك ئارىلاپ كىرىپ، گۈزەل جامالىنى غىل-پال كۆرسىتىپ، نەچچە ئون مىليۇنلىغان يۈرەكلەرنى ئۆچمەس ھەسرەتكە تاشلاپ قويۇپلا غايىپ بولۇپ كەتكەن شانلىق تارىخىمىزنى ھېساپقا ئالمىغاندا، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملاشقان، 140 يىل ئىچىدە قۇللۇق زەنجىرلىرىنى ھارغىنلارچە سۆرەپ يۈرمەكتىمىز.

دېمەك، بىز ئەقىدە قورغىنى ئىچىدە پىتنە-ئىغۋالارنى، ئۇششاق-ئىختىلاپلارنى تاشلاپ، ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئىناق-ئىتتىپاق ياشىغان ۋاقتىمىزدا ئەزىز بولۇپ، ئۆز-ئۆزىمىزگە خان، بىر-بىرىمىزگە جان بولغان ئىدۇق. ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان ختاي ئىشغالىيىتىدىمۇ ئۇيغۇر خەلقى دىنى، تىلى، پارلاق مەدەنىيىتى ۋە ئۆزگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قۇياشتەك نۇر چېچىپ ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە خاس بولغان تەسىر كۈچى بىلەن بەزى ختاي ئۆلكىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان شانلىق تارىخىدىن باشقا، دۇنيانى ئۆزگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان رەھىمسىز چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كەلگەندە، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا، چاغاتاي خانلىقىنى بولسا ئىسلامنىڭ ھامىيلىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن[1] نۇرانە تارىخىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى: ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن، ئەمما ئېرىپ كەتمىگەن، ئۆزىنىڭ دىنى، ئەخلاقى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىنى تۈرلۈك تارىخىي بوران-چاپقۇنلاردىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈپ، بىزلەرگە ئۇلاشتۇرغان ئالىيجاناپ مىللەتتۇر.

1980-يىلدىن كېيىنكى خەلق دىنىي جەھەتتە بىر ئاز نەپەس ئالغان زامانلاردىن باشلاپ 2015-يىلغىچە بولغان ئوتتۇز بەش يىللىق ھايات مۇساپىسىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىمىزگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شۇنچىۋالا بېسىملار ئىچىدىمۇ ئىسلام دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىپ، دىن مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت ئىشچى-خىزمەتچى، كادىر-ئەمەلدار، ناخشا-ئۇسسۇلچى، ساقچى-سوتچىلارغا قەدەر ھەر قايسى ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ تاقىتى يەتكەن دائىرىدە

[1] چىن ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان، پولات تۇرپانى، يۈسرى نەشرىياتى، 2010، 2-باسما، 9-بەت.

ئىسلامى ھايات بىلەن ياشىشى ئۈچۈن شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇ جەريانىدا «ئىمان دەرىخىنىڭ بىر شېخىدۇر» دەپ تەرىپلەنگەن قىز-ئاياللارنىڭ شەرمى-ھايا، ئىپپەت-نومۇسىنىڭ سىمۋولى ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ھىجاب بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا نامايان بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىجاب مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرى ياخشى كۆرۈپ كىيىدىغان ھەتتا تىوي كۆڭلىرىنىڭ پەخرى ئېھتىرام كىيىمگە ئايلاندى. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ پاسون ۋە رەڭگىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەينى زاماندا ئومۇمىي مۇسۇلمانلار جۈملىدىن مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرى ھەر ئىشتا شەرىئەتتە ئەڭ ئەۋزەل دەپ قارالغان ھۆكۈمنى تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، رەڭلىك كىيىملەرنىڭ يات ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش كۈچى يۇقىرى دەپ قاراپ، پىتنىدىن خالىي بولۇش مەقسىتىدە، مۇقەددەس كەبىگە ھەيۋەت، خۇمار كۆزلەرگە جەزىبدارلىق پەيدا قىلىپ گۈزەل ۋە سىرلىق كۆرسىتىدىغان، كىشىنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ يامان نىيەت كىشىلەرنىمۇ ئەيمەندۈرىدىغان، ئايال ساھابىلەر قىزغىن سۆيگەن، تەپسىر-ھەدىس كىتابلىرىدا مەدھىيىلەنگەن قارا رەڭ تەبئىيلا ئاياللارنىڭ تاللاش ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرىدەك بولۇشنى خالايتتى. «سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار ھىجاب ئارقىسىدىن ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ».[1]

ئۇممە سەلەمە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى باشلىرىغا قاغا قونۇۋالغاندەك قارا كىيىم كىيگەن ھالەتتە سىرتقا چىقىشقا باشلىدى».[2]

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىدىكى چارىسىزلىق، ئەقىدىسىدىكى ئاجىزلىق، پسىخىكىسىدىكى نورمالسىزلىق بەزى كىشىلەرنى يېرىم-يالىڭاچ يۈرگەن ھاياسىز مودىكەشلەردىن ئەمەس، دىن سۆيگەن قىز-ئاياللىرىمىزدىن نومۇس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي كىيىملىرىنى بارا-بارا ئەيىبلەشكە ھەتتا مەسخىرە قىلىشقا ئېلىپ باردى. ئاياللارغا نىسبەتەن شەرىئەت ھۆكمىدە قارا رەڭ ئەۋزەل بولسىمۇ كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتمايدىغان باشقا رەڭلەردە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن مۇئەييەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا كىيىنسە، ئىسلام شەرىئىتىدە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما ئۆز سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، ئالدىدىن پال ئېچىپ، ھىجاب ۋە نىقاپلارغا، قارا رەڭلىك ئابايىلارغا ۋە ئۇنى كىيگەن مەسۇم ئاياللارغا تىل ئۇزارتىپ سورۇن قىزىتىش ياكى توردا تىللىشىش، تۈرلۈك بوھتان-تۆھمەتلەرنى چاپلاش بولسا ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى،

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 53-ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى، 4101-ھەدىس.

سالاھىيىتىمىزنىڭ پۇچەكلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە بەزى ھىجابلىق قىز-ئاياللارنىڭ ئۆزىگە ياراشمىغان بەزى ئەخلاقسىزلىقلىرى ياكى گۇناھلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ناھايىتى ئاز سانلىق بولۇپ بۇلارنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئوچۇق كىيىنگەن يېرىم يالىڭاچ ئاياللار يەر شارىنى گۇناھ بىلەن تولدۇرىۋەتسىمۇ ئۇلار توغرۇلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن، ئىسلامنى ياخشى كۆرىدىغان مۇسۇلمان قىز-ئاياللارنىڭ شەرمى-ھايا قورغانى بولغان ھىجابنى ۋە ھىجابلىق ئاياللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاقارەت قىلىش نادانلىقىنىڭ، مۇناپىقلىقىنىڭ، دىنغا بولغان خىيانەتنىڭ ئالامىتىدۇر. يەنە بۇنى باھانە قىلىپ ھىجابنى تاشلاشقا چاقىرىش بولسا ئاياللار پىتنىسى سەۋەبلىك مەيدانغا كېلىدىغان بىر تالاي پاساتچىلىقلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئىككى قانىتى بىلەن كەڭ ئېچىپ بەرگەنلىك ۋە مىللەتنى ھالاك قىلىدىغان «توپان» بالاسىنى تېزلەشتۈرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى «بەنى ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن پىتنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئاياللار پىتنىسىدۇر».[1]

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھىجابقا ئوخشاش ئاللاھ پەرز قىلغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىبادەتنى يامان كۆرۈش، مەسخىرە قىلىش، ھاقارەت قىلىش، ئىنكار قىلىش قاتارلىقلار ئاللاھقا قارشى مەيداندا تۇرغانلىق بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىردەك ھۆكمى بىلەن كۇپۇرلۇقتۇر.[2]

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللار ھىجاپنى تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى شەرمي-ھايا ھۆجەيرىلىرى شامالداراپ قۇرۇشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە ئاستا-ئاستا يۈز-كۆزلىرىدىن ئۇيا-ئەڭلىك، سۇرمە-قاشلىق ئورۇن ئېلىپ، لەۋلىرىنى رەڭگارەڭ قىلىشىپ كوچىلارغا چىقىپ گۈزەللىكلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشىدۇ. بۇرۇن ئەينەككە بىر مىنۇت قارىغان بولسا، يۈزىنى ئاچقاندىن كېيىن گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. كىيىملىرى بارا-بارا تارلىشىدۇ، يولدىشىنىڭ يېنىدا كونا كىيىملەرنى، سىرتقا چىققاندا بولسا ئەڭ يېڭى، گۈزەل، گۆللۈك، پال-پۇل، ۋال-ۋۇل كىيىملەرنى كىيىپ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىشقا ئورۇندىغان تەتۈر خاراكتېر شەكىللىنىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى بۆگۈنكىدەك، بولۇپمۇ چەتئەلدىكىدەك ئوچۇقچىلىق، يېرىم-يالىڭاچلىق مودا بولۇۋاتقان جەمئىيەتلەردە ياشىغانلار بولسا بەدەنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېچىشقا باشلايدۇ. شەيتاننىڭ ئويۇنى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ.

دىن دۈشمەنلىرى «ئاياللار بۇزۇلسا مىللەت بۇزۇلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا ئىسلام ئاياللىرىنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن تۈرلۈك مودا كىيىملەرنى لايىھىلەپ، ئۇزۇن يىللىق پىلان بىلەن ئاستا-ئاستا

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2742-ھەدىس.
[2] ئىلمى تەتقىقات ۋە دائىمى پەتۋا كومىتېتى پەتىۋالىرى، 2-توم، 25-بەت.

غەرب دۇنياسىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى شەرق دۇنياسىغا يۆتكەشكە تىرىشقان ئىدى .

ئەمەلىيەتتە، ئەرەب دۇنياسىدىكى ۋە ئومۇمەن مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى ئاياللار كىيىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، تەدرىجىي ھالدا بۈگۈنكى ئوچۇقچىلىق، يالىڭاچلىق دەرىجىسىگە كېلىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن بەلكى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك رەزىل پىلانلىرىنىڭ پاجىئەلىك نەتىجىسىدىن ئىبارەتتۇر.

تۈركىيە قاتارلىق چەتئەل دۆلەتلىرىدە، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاياللىرى بولسا ھېچقانداق مەجبۇرلاش بولمىغان، كىشىلىك ھوقۇق قەدىرلىنىدىغان، كىيىم-كېچەك ئەركىنلىكى بولغان دۆلەتلەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئىسلامى كىيىملىرىنى، مىللىي قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان مودا يالىڭاچلىقىغا ماس قەدەمدە كېتىپ بارماقتا... چەتئەلگە چىققىلى ئىككى-ئۈچ يىل بولا-بولمايلا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ھەققەتەن كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

بىلىشىمىزچە، ۋەتەنىدە يۈزى ئوچۇق ئاياللارمۇ ئاخشىمى قىشىغا ئوسما سۈركىسە، ئەتىگەنىدە شۇ پېتى سىرتقا چىقىشتىن خىجىل بولۇپ، يۇيۇۋېتىپ چىقاتتى. ئەرلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ گەپ قىلىشتىن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالاتتى. بىر قانچە ئەر ياكى جامائەت بار يەردىن ئۆتۈشتىن تارتىنىپ باشقا يول ئىزدەيتتى ياكى خىجىل بولغان ھالدا يولنىڭ چەت تەرىپىدىن ماڭاتتى. يول يۈرگەنىدە نامەھرەم ئەرلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى قېرىندىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىشتىنمۇ خىجىل بولاتتى. يەنە تېخى نا مەھرەم ئەرلەر ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈشنى ئەيىب دەپ بىلەتتى، يالغۇز ھالدا تاكسىغا ئولتۇرۇشتىن ھەزەر قىلاتتى. ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز چاغلاردا نامەھرەم ئەرلەرگە ئىشىك ئېچىپ ئۆيىگە باشلىمايدىغان گۈزەل خىسلەت ئومۇملاشقان ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئىپپىتىنى جېنى بىلەن تەڭ ئورۇندا كۆرگەن ئىبرەتلىك قىسسەلەر، نۇرغۇنلىغان شەرمى-ھاياغا مۇناسىۋەتلىك سان-ساناقسىز خىسلەتلەر ئۆتمۈشىمىزنىڭ قىممەتلىك يالدامىسى، بۈگۈنىمىزنىڭ پەخرى ۋە كەلگۈسىمىزنىڭ ماياكى سۈپىتىدە چاقناپ تۇراتتى. قىسقىسى، ئەر-ئاياللار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان قىزىل سىزىقلار بولۇپ، بۇلار ئاياللارنىڭ شەرىپى ۋە قىممىتىنى ئاشۇراتتى، ئۇلار ئەركەكلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە قانداقتۇر مەتولۇق، قالاقلىق دەپ قارالمايتتى، ئەكسىچە ئۇلار بۇ خىل گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن شۇ قەدەر يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

ئەپسۇسكى، بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە، تامامەن ئۆزگىرىۋاتىدۇ. قىممەت قاراشلار تەتۈرلىشىۋاتىدۇ. ۋەتەنىدە ئاياللارنىڭ قىممىتىنى، ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان گۈزەل ئىسلامىي خىسلەتلەر بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن، بولۇپمۇ بەزى يازارمەنلەر

تەرىپىدىن بۈگۈنكى كۈندە مەتولۇق، قالاقلىق ۋە رادىكاللىقنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە قامچىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى، قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى ئەركىن دۇنيادىكى پىكرى ئېقىمىنىڭ، پاسات بوھرانىنىڭ تەسىرىدە بارا ـ بارا يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولغاندەك بىلىشىمچە بۇ مەسىلىنىڭمۇ بىر قانچە سەۋەبلىرى بار.

## بىرىنچى: تارچىلىقتىن كېيىنكى كەڭچىلىك، سىياسىي بېسىمدىن كېيىنكى چەكسىز ئەركىنلىك مۆھتى

ھاياتى بويىچە دىنىي، مىللىي، پىكرى، ئەقلىي، ماددىي ۋە مەنىۋى بېسىملار ئىچىدە تۇغۇلۇپ ياشىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىمىز چەتئەللەردىكى جۇملىدىن تۈركىيەدىكى كىشىلىك ئەركىنلىك، روھىي ئازادچىلىقنىڭ تەسىرىدە ئۆزىدىن ئىجابىي شەكىلدە پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا خۇددى «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك خۇدىنى يوقىتىپ قويماقتا ...

بۇ ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشۋەرسە بەش ـ ئون يىلغا قالماي ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ دىن ـ ديانەتلىرى، ئىسلامى قىياپەتلىرى، مىللىي كىيىملىرى يوق بولۇپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى ئاز كەلگەندەك، چەتئەلدىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسلامى سىماسى، مىللىي جۇلاسى يوقاپلا كېتىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئەۋلادلارمۇ مىللىي سالاھىيتى، ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە دىنىي كىملىكى بولمىغان ھالدا چوڭ بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «ھايادىن نېسىۋىسى ئاز بولغان كىشىنىڭ تەقۋالىقى ئاز بولىدۇ، تەقۋالىقى ئاز بولغان كىشىنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ»[1]. ھالبۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللار چەتئەلگە ھىجرەت قىلغاندا مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەركىنلىكىنى، ئىبادەت لەززىتىنى ۋە ئېغىر تەھدىت ئىچىدە قېلىۋاتقان ھىجابىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان ئىدى ئەمەسمۇ؟! ئەمدى بۈگۈن زادى نېمە بولدى؟

چەتئەللەردە قىز ـ چوكانلار ئۇياقتا تۇرسۇن، 40 ـ 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىسىم ئاياللارمۇ گىرىمسىز سىرتقا چىقمايدىغان، گۈزەللىكىنى بازارغا سالىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەجەبا، بۇ ھالدا كېتىۋەرسەك، ۋەتەندىكى ئانىلىرىمىزنىڭ، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزنىڭ لەنىتىگە يولۇقماسمىزمۇ؟ بىر كۈنلەردە ئۇلار بىزدىن سورىماسمۇ؟ «سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ بىزغۇ مەجبۇرىي مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق، سىلەر ئەركىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن كىيىمڭلار قىسقىراپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن يوتقاندىن چىققاندەكلا تار ئىشتان، يالىڭاچ پاچاق بىلەنلا كوچىغا چىقالايدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ بېشىڭلاردىكى ياغلىقىڭلار قېنى؟ نېمە ئۈچۈن ئوچۇقلۇقتا، يالىڭاچلىقتا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىسىلەر؟

[1] ئىسلام ئەخلاقلىرى قامۇسى، بىرىنچى توم 225 ـ بەت.

زادى نېمە ئۈچۈن؟ سىلەر ئەسلى قانداق ئىدىڭلار؟».

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تېمىدا ۋىدىئولۇق، ئاۋازلىق ۋە يازما شەكىلدە ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىشلىنىپ، كۆپلەپ تارقىتىلىشى ۋە ئايالللاردىكى پاساتچىلىق ۋە بۇزۇلۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىشى لازىم.

## ئىككىنچى: چەتئەللەردىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى

ئانا ۋەتىنىمىزدە خەيرىيەت مەنبەسى بولغان ئىسلام بىلەن، رەزالەت مەنبەسى بولغان كوممۇنىستىك ئىدىيەدىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى خىل ئىدىئولوگىيە ئارىسىدا ياشىغان مۇسۇلمانلار ئۇزاق مەزگىللىك مەھكۇملۇق ھايات تەجرىبىسىدىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ نەقەدەر ئازغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە رەزىللىككە توشقان سىياسىي غەرەزلىرىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئىسلام سۆيگۈسى ۋە دىنىي قانائەت تۇيغۇسى قۇياش كەبى نۇر چېچىپ، ۋولقان كەبى پارتلاپ تۇراتتى.

ئەمما ئۇلار چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن بالىياتقۇغا ئوخشاش كىچىك، تار دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە تولغان بىپايان ئالەمگە قىستىلىپ چىقىپ كۆز ئاچقاندىن كېيىن، باشقىسىنى قويۇپ، دىنىي نىقاپ ئاستىدىكى ئېقىملارغا نەزەر سالغاندىمۇ بىلىپ-بىلمەي ئىلمانىزم،[1] مۇرجىئەلىك[2] قۇرئانىزىم[3] قاتارلىق ئېتىقادىي ئېقىملارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك جامائەتچىلىك پىكىرلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇلار يەتمىگەندەك 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب دۇنياسىدا كۈچلۈك دولقۇن قوزغىغان قاسىم ئەمىن،[4] سەئىد زۇغلۇل،[5] ھۇدا شەئراۋى[6] ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان ئامىنە سەئىد[7] قاتارلىق ئاتالمىش ئايالالر ئەركىنلىكى تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرىنى غەربلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان زەھەرلىك پىكىرلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ مېڭىسىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى سالاپىتى، مۇسۇلمانلىق قىياپىتى، شەرمى-ھايا كاپالىتى، ئىپپەت-نومۇسىنىڭ ئامانىتى بولغان ھىجابىدىن بىر-بىرلەپ ۋاز

[1] دىنىي ھاياتلىق ساھەلىرىدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ تەسىرىنى پەقەت جايىنامازۋە مەسچىتلەرگىلا چەكلەپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكرى ئېقىم (ۋىكىپېدىيا).

[2] ئىماننى قەلبتىلا بولسا ئەمەلى ئىش-ھەرىكەتتە بولمىسىمۇ مۆمىن ھېسابلىنىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل پىكرى ئېقىم (ۋىكىپېدىيا).

[3] ئەقىدە ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە قۇرئاننىلا ئاساس قىلىپ كۆپ ھاللاردا ھەدىسنى ئىنكار قىلىدىغان ئېقىم (ۋىكىپېدىيا).

[4] ئەسلى ئىسمى قاسىم مۇھەممەد ئەمىن (1863م-1908م) بولۇپ مىسىرلىق داڭلىق ئەدىپ، مىسىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئايالالر ئەركىنلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارت يولباشچىسى(ۋىكىپېدىيا).

[5] سەئىد زۇغلۇل (1858م1927م( مىسىرنىڭ تارىخى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، باش مىنىستىرى، پارلامېنت رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، قاسىم ئەمىننىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالالر ئەركىنلىكى ھەققىدىكى كىتاپلىرىنى نەشىر قىلىپ تارقاتقان.

[6] ھۇدا شەئراۋى (1879)-1947) مىسىردىكى ئايالالر ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارت پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى.

[7] ئامىنە سەئىد مىسىرلىق ئەدىپ تاھا ھۈسەيىننىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ھىجاب ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا مەسخىرە ۋە ھۇجۇمنى نىشان قىلغان «ھاۋا ژورنىلى»نىڭ رەئىسى بولغان.

كېچىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىق، ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، ئىمان بىناسى چاك كېتىشكە قاراپ يول ئالماقتا...

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئالىملىرىمىز، ئىسلامى دەۋەتچىلىرىمىز، شۇنداقلا ھەربىر ئەركەكلىرىمىز قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىمان ـ ئېتىقاد، ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرمى ـ ھاياسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىگە چىقىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئاياللىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى: دىنىي ھۆكۈملەرنى بىلمەسلىك ياكى بىلىشنى خالىماسلىق

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرى ئانا ۋەتىنىدە ياشىغان مەزگىللەردە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىۋېلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەربىر ئىشتا، ھەربىر گەپ ـ سۆزدە شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى، «دىنغا ساداقەت، ئەرگە ئىتائەت» ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پروگراممىسى، ھەرىكەت قىبلىنامىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئىسلام سۆيگۈسى تاپچىپ تۇراتتى. قەرەللىك ھالدىكى ئاياللار يىغىلىشلىرى، قاتار چايلار، مېيىت نامازلىرى يىغىلىشى، توي ـ مەرىكە قاتارلىقلار ئايال دەۋەتچى ـ ئۇستازلارنىڭ، بەزىدە ئەر دەۋەتچىلەرنىڭ بال كەبى ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، مۇناسىپ تەلىم ـ تەربىيەلىرى بىلەن جانلىنىپ، كىشىنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ شېرىن ھاياجانغا سالاتتى. بىلىمگە ئاشىق ياشلارنى دېمەي تۇرايلى، بېشىنىڭ چوڭلۇقى تۆپىلى ئەرەب تىلى ئارقىلىق دىن ئۆگىنەلمەيدىغان ئاياللار ئۇيغۇرچە يېزىلغان دىنىي كىتابلاردىن دەرس ئېلىپ، سۆيۈملۈك دىنىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن شۇ قەدەر ھېرىسمەن ئىدىكى، گويا ھەربىر كىشى رەببىنىڭ ئالدىغا دىنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە سالىھ ئەمەللەر بىلەن بېرىشنى نىشان قىلغاندەك قىلاتتى.

ئەمما چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، ئەھۋال بارا ـ بارا ھەر تەرەپتىن ئۆزگىرىشكە باشلىدى؛ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشلىرىنى ئاۋۋال ئۆلىمالاردىن پەتىۋا سورىغاندىن كېيىن قىلىدىغان بۇ مۇسۇلمانلار توپى بۈگۈنكى كۈندە قىيىنلىشىپ قالمىسۇن، پۈتلا ـ كاشاڭ بولمىسۇن دەپ يولۇققان ئىشلاردىن پەتىۋا سورىماستىن خالىغانچە قىلىۋېرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەشھۇر پەتىۋا ئالىملىرىدىن ۋە باشقا ئۆلىمالاردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن پەتىۋا سوراپ كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقىقەتەن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى.

ھىجابلىرىنى تاشلاپ، تۈرلۈك مودا كىيىملەرنى كىيىپ، ساغرىسىنى دۇتارنىڭ بېشىدەك، بېلىنى گىتارنىڭ بېلىدەك كۆرسىتىپ، گىرىمنى بولۇشىغا قىلىپ تۇزدەك ياسىنىپ، كوچىلاردا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقانلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىر ئېغىز گەپ، بىر سەتىر خەت يوق. ئەكسىچە «ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل، رەببىم پەرز قىلغان كىيىم» دەپ ھىجاب بىلەن بەدىنىنى يوشۇرغان مۇسۇلمان ئاياللارغا

قانداقتۇر پىچەك باھانىلەر بىلەن ئۆتكۈر تىل ـ ھاقارەتلەر، ئاچچىق قامچىلاشلار، كىنايىلىك مەسخىرەلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن قار ـ يامغۇردەك ياغدۇرۇلماقتا...

سۆيۈملۈك دىنىنى چوڭقۇرراق ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇستەھكەم ئېتىقاد، توغرا پىكىر، كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن مۇدەرىسلەر ۋە ئۇستازلار يېنىغا جەم بولغان قىز ـ ئاياللار، تۇرلۇك تۆھمەتلەر، غەرەزلىك ئەيىپلەشلەر ۋە نەپرەتلىك كۆزلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا...

ئەسلىدە، ھەر تەرەپتىن ھەمكارلىشىپ، ئىلمىي ساھەنىڭ ساپاسىنى ئاشۇرۇش، ياش ئۆلچىمى بويىچە زامانغا ماس دەرس پروگراممىسى تۈزۈش، ئۈلگىلىك مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنى، ئىلغار كۇرسلارنى، كەسپىي ئورۇنلارنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق قابىلىيەتلىك، كۆپ ئىقتىدارلىق، نەمۇنىلىك، دىنىسۆيەر قىز ـ ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ئىدى، ئەكسىچە، بۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم كەبى ئىلىم سۆيەر ھەققەت ئاشىقلىرىنى ھاقارەت قامچىلىرى بىلەن قامچىلاش بولسا ئەقىل ۋە نەقىلغا ئەسلا توغرا كەلمەيدىغان قەبىھ جىنايەت، دىنغا خىيانەتتۇر. ئەگەر شۇنداق داۋاملىشىۋەرسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلىم ئاشىقلىرىغا بىپەرۋالىق نەزىرى بىلەن قاراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاگاھلاندۇرۇش ئايىتى چۈشكەن بولسا، بىزگە ئايەت ئەمەس، جاھالەت سەۋەبلىك ئۇنتۇلماس ئازاب چۈشۈشى مۇمكىن.

ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرى ئىچىدە بۇنداق پىكىر ۋە يەكلەشلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق قىياپىتىدىن خىجىل بولۇش، ئىلىم بىلىمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەسلىك، ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئىلىم ھېسابلىماسلىق، نامەھرەم كىشىلەر بىلەن بولىدىغان ئىسلام مۇئامىلە ئەخلاقىنى تونۇماسلىق، كىيىم ـ كېچەكتە غەيرىيلىشىش ۋە غەربلىشىش، ئوچۇقلۇققا قاراپ يۈزلىنىش، ھەتتا مەھكۇملۇق ۋە خارلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىسلامغا دۆڭگەپ قويۇش قاتارلىق ناچار ئىللەت ۋە پىكىرلەر چەتئەللىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا جۈملىدىن ئىستانبۇلدا تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بەزى سورۇنلاردا دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئىلىم ـ ھېكمەت دۇردانىلىرى، شەرىئەت مەسىلىلىرى چەكلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇق پاراڭ، كۈلكە ـ چاقچاق، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسۇللار ھۆكۈمران بولۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمەكتە. كاتتا ـ كاتتا كىشىلەرمۇ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆلىمالار قاتناشقان تويـ ـ تۆكۈنلەردىمۇ، قىز ـ يىگىت تەپتارتماستىن زالنى يېرىۋەتكۈدەك يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارغا ماس قەدەمدە، قولتۇقلىشىپ نەچچە يۈز ئەركەكلەر ئالدىدىن ئۆتىدىكەن ۋە «كۆز ـ كۆز قىلىش سۇپىسى»غا كېلىپ كېپىنەكتەك ياسانغان قىياپىتىنى ھالال جۈپتىغا كۆرسىتىشتىن بۇرۇن، كۆزلىرىدىن ھەۋەس، ۋۇجۇدىدىن شەھۋەت ئېقىپ تۇرىدىغان يۈزلەرچە ئەرلەر ۋە يىگىتلەر ئالدىدا ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ بىرقىسمى بولغان مەيدىسى ئوچۇق ئاپئاق تويـ كۆينىكىنى تۈز قۇيرۇقىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئۆزىنى كۆرگەزمە قىلىدىكەن. يەنە تېخى رىياسەتچىنىڭ سورۇن ئاخىرىدا «ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسۇل ـ

پۇسسۇللارنى خالمايدىغانلار چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ياشلارنىڭ بىر ئاز كۆڭۈل تاماشاسى باركەن» دەپ چوڭلارنى چىقىرىۋېتىپ، ناخشا ـ مۇزىكا، دىسكو ـ ئۇسسۇللار بىلەن سورۇندىن چاك چىقىرىۋېتىشلىرى رەزىللىكتە داڭ چىقارغان ياۋروپا بەزمىخانىلىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

ئەجىبا، بۇنداق شەكىلدىكى تويلارنىڭ نورمال ئائىلىلەردىن ھالقىپ دىيانەتلىك ئائىلىلەر، ھەتتا «قارى غوجام، بۇۋى خېنىم، مۇھاجىرخان، مۇجاھىد ئاخۇن»لارنىڭ توي ـ مەرىكىلىرىدە تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك پارتلاپ چىقىشى ئۇلارنىڭ شەرمى ـ ھايا قىممەت قارىشىنىڭ زەئىپلىشىپ، خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ؟

ھەربىر مۇسۇلمان بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلىشى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ۋە ئەتراپىدىكى قىز ـ ئاياللار، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۇلارغا ئىگە چىقىشى لازىم.

### تۆتىنچى: غەيرىي مۇسۇلمان ئاياللارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش

ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئاياللارنىڭ دورامچىلىق پىسخىكىسى ئەرلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولۇپ، پىكرى تۇراقسىزلىق، قارىغۇلارچە ئەگىشىش كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە تارىختىن بېرى ئاياللار كىيىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكىدەك چات ئارىلىقى بىلەن ئەمچەك تۈگمىسىدىن باشقا ھەممە يېرى ئېچىلىپ قالىشى بۇنى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، كۆز ـ كۆز قىلىپ، نومۇسسىزلارچە غادىيىپ يۈرۈشىگە قەدەر جەريانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ئاياللار بۇ نۇقتىغا بىراقلا كېلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ھالدا قەدەممۇ ـ قەدەم، پەيدىنپەي، كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن ـ يىلغا جاھىللارچە دورامچىلىق، قارىغۇلارچە ئەگەشمىچىلىكنىڭ نەتىجىسىدە يېتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختىن بېرى، ئۆزىنىڭ دۇنياغا ئۈلگە بولغۇدەك شەرمى ھاياسى، ھۆسنى ـ لاتاپىتى، ئىسلامى قىياپىتى، ئىمانى جاسارىتى، گۈزەل ئەخلاق ـ ئادىتى ۋە سەۋرى ـ تاقىتى بىلەن تونۇلۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدا يارقىن سەھىپىلەرنى ياراتقان ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى شىددەتلىك غەرب مەدەنىيىتى بوھرانىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىغا مۇستەھكەم ئېتىقاد، شەرمى ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش پەقەت ئۇلارنىلا قۇتقۇزغانلىق ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنى قۇتقۇزغانلىقتۇر. پاسىق ئاياللارنىڭ قولىدىن ئىبنى ئابباس كەبى ئالىم، خالىد كەبى قوماندان چىقمايدۇ. ئۆلىمالىرىمىز ۋە ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇ مەسىلىگە سەگەك بولۇشى كېرەك.

## بەشىنچى: كۆندەشلىكنىڭ زەئىپلىشىشى

ئىسلام ئېتىراپ قىلغان بەلكى تەشەببۇس قىلغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرى ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئايالىنى، ئانىسىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى نامەھرەم كۆزلەردىن، بىئەدەپ قوللاردىن ۋە ناشايان قىلىقلاردىن كۈنلىشىدۇر. بۇ قانداقتۇر ئۇلارغا ئىشەنمىگەنلىك، ئورۇنسىز چەكلىمە قويۇۋالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئاسرىغانلىق، قوغدىغانلىق، ياخشى كۆرگەنلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ روشەن كۆرۈنۈشىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھايات يوللىرى، تۇرمۇش پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، ئۇلارنى يۈكسەك گۈزەل ئەخلاقلارغا باشلىدى. جۈملىدىن كۈنلەشنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق «ئايالىنى نامەھرەم ئەرلەردىن كۈنلىمەيدىغانلار، ھاراقكەشلەر، ئاياللاردىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغانلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېدى،[1] شۇنداقلا نامەھرەم ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەر ۋە يولىيورۇقلارنى بەرپا قىلدى.

ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا زىننەتلىرىنى ۋە جەلىپ قىلارلىق ئورۇنلىرىنى ئاشكارىلاشنى چەكلىشى،[2] ھايالىق بولۇش ۋە ئابرويىنى قوغداشقا چاقىرىشى، نامەھرەملەردىن كۆز يۇمۇشقا بۇيرۇشى،[3] ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ناز ـ كەرەشمە بىلەن گەپ قىلىشتىن چەكلىشى[4] قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم مىساللاردۇر.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بۇ تېمىلارغا ناھايىتى سەزگۈر مۇئامىلە قىلىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، چەتئەلگە چىققىلى بىرقانچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بەزىلەرنىڭ كۈنلەش تۇيغۇسىنىڭ بارا ـ بارا زەئىپلىشىپلا قالماستىن، خوتۇن ـ قىزلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، ئۇيا ـ ئەتلىكلىرى بىلەن بېزەپ پەخىرلىنىپ، كوچىلارغا ئېلىپ چىقىدىغان، كىيىۋالغان تارئوچۇق كىيىملەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ بولغان كۆزلەرنى قايتىدىن يۈز سەكسەن گرادۇس چۆرۈپ قارىتالىسا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان ئەبگاھ ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقى نامايان بولماقتا...

مەھرەمسىز سەپەر قىلىش، يالغۇز ھالەتتە تاكسى ياكى كىرا ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇش، زۆرۈرىيەتسىز ئەر دوختۇرلارغا بەدەنلىرىنى ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە تۇغدۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەرلەر قۇلاقلىرىمىزغا مۇشتەك ئۇرۇلماقتا...

ۋايىغا يەتكۈزۈپ پەردازلانغان ئاياللارنىڭ توي ـ تۆكۈنلەردە خالىغانچە سۈرەتكە تارتىلىپ، نامەھرەم ئەرلەرگە كۆرسىتىلىشى ياكى تورغا قويۇپ بېرىلىشى نورمال

[1] بەيھەقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلەر، 2 ـ توم، 125 ـ بەت.
[2] سەھىھ بۇخارى، 3006 ـ ھەدىس.
[3] نۇر سۈرىسى، 30 ـ ئايەت.
[4] ئەھزاپ سۈرىسى، 32 ـ ئايەت.

ئىش سانالماقتا. ئوغۇل-قىزلارنىڭ ھەتتا «ئۇلۇغ دەۋا»دا بولۇۋاتقان بەزىلەرنىڭ نامەھرەم ئەرلەر بىلەن ۋاتساپ قاتارلىق ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىدە كېچە-كېچىلەپ مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ ...

بەزىدە نىكاھلىنىش باھانە قىلىنغان بۇنداق غەيرىي مۇناسىۋەتلەر ئىسلامى ھۆكۈم ۋە شەرتلەرگە رىئايە قىلىنماستىن، بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ، خىلۋەتتىكى ئاشخانا، پىنھاندىكى چايخانا ۋە يىراقتىكى قەھۋەخانىلارغا بېرىپ، بەزگە قارىغان مۇشۇكتەك قارىشىپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن سۆھبەت قىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە... ئىستانبۇلنىڭ گۈزەل ساياھەت رايونلىرى جۈملىدىن دېڭىز ساھىللىرىدا بىر-بىرىگە ھالال بولمىغىنىغا قارىماي، باشقىلارنى دوراپ سەيلە قىلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆزگە چېلىقماقتا. بۇلار ئاز كەلگەندەك ئاز ساندىكى ئاياللارنىڭ ئېپپەت بازارلىرىدا «ئەزا تىجارىتى» قىلىۋاتقانلىق ھەققىدىكى ئىسپاتلىق خەۋەرلەر يۈرەكلەرنى لەختە قىلسا، بەزى تويى قىلمىغان قىز-ئاياللارنىڭ قورساقلىرىدىن ھامىلە چۈشۈرگەنلىك ھەققىدىكى خەۋەرلەر ۋىژدانلىق ئەركەكلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجۇماقتا...

ۋەتەندە ئاتا-ئانىسى قېلىپ قالغان ئىگە-چاقىسىز، تۇل قىز-ئاياللارغا ئىگە چىقىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى دەسمايە قىلىپ، بەزى گەپ سۆزى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق ئىنسانلار ئۇلار بىلەن غەرەزلىك مۇئامىلە-مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قاپقانغا دەسسەتمەكتە، ياكى مايمۇننىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك ئالداپ-سىلاپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە، تەختى-بەختىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ قويماقتا...

دېمەك ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ مۇسۇلمانلاردىن كۈندىن-كۈنگە ئىسلام ئەخلاقى يىمىرىلىپ كېتىشكە قاراپ يول ئالماقتا...

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى يىلتىز تارتىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاق، بىباھا شەرمى-ھايا ۋە ئار-نومۇس قارىشى ئاتالمىش مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان تۆرلۈك ناچار ئىللەتلەر، رەزىل ئەخلاقلار ۋە پەسكەشلىكلەر ئارىسىدا چايقىلىپ-سوقۇلۇپ يۇرۇپ، ھەسرەتلىك نالە قىلماقتا... پۈتۈن ئاۋازى بىلەن «مېنى قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ئېچىنىشلىق چۇقان سالماقتا....

ئەزىز قېرىنداشلار! ئەجەبا بىز مۇشۇنداق مۇسۇلمانمۇ؟ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر ئازمۇ؟ ۋەتەندىكىلەر بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا، ئۇلارغا ئازاب ئۈستىگە ئازاب، دەرت ئۈستىگە دەرت قوشۇلماسمۇ؟ بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان مۇقەددەس ئىسلام دىنى ئەنە شۇنداق ئەخلاقسىزلىقلار، ناچار قىلىقلاردىن چەكلىگەن ئەمەسمىدى؟ بىز نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىدۇق؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن ياشايدىغان بولۇپ قالدۇق؟ بىز بۇرۇن قانداق ئىدۇق، ئەمدى قانداق بولۇپ قالدۇق؟



# غەربتن ماددا شەرقتن مەنە

ئەبۇلهەسەن نەدەۋىي
تەرجىمىدە: شەمسىددىن بۇغرا

غايە بىلەن ۋاستە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تراگېدىيەسىدۇر.

ياۋروپا تەجرىبە، كەشپىيات، تەبىئەت ۋە كائىنات تەتقىقاتىدا تېز سۈرئەتتە يۈكسەلمەكتە ئىدى. چېركاۋ ۋە ئوردا ئارىسىدىكى كۆرەش، پوپلارنىڭ دىننى خۇنۇكلەشتۈرۈشى ۋە ئىلىمگە دۈشمەنلىك قىلىشى قاتارلىق ھەرخىل تارىخىي سەۋەبلەر ياۋروپانى دىندىن يىراقلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈۋەتتى. دىن ۋە پەن ئارىسىدىكى بۇ سۈنئىي زىددىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ تراگېدىيەسىگە ئايلاندى. ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي تۇيغۇلارغا ئىگە بولمىغان، ئېنىق ۋە توغرا بولغان ياشاش غايىسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىلەر جەمئىيەتنىكى يېتەكچى كۈچلەرگە ئايلاندى.

ئەسلىدە كائىناتنىڭ سىرلىرى ئېچىلىشى، ئىجادىيەتلەر يارىتىلىشى، تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما چېركاۋ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇپ كەلگەندەكلا، كائىنات سىرلىرىنىمۇ يوشۇرۇپ قالماقچى بولىدى. چېركاۋنىڭ بۇنداق چەكلەش پوزىتسىيەسى يېڭى ئەۋلادلاردا ئىلىم-مەرىپەتكە نىسبەتەن ئوتتەك ئىشتىياق، بىلىم ئاشۇرۇش قىزغىنلىقى، تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى يېشىش ۋە كەشىپ قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ياشاۋاتقان بۇ كائىناتنىڭ سىرلىرىنى يېشىش، تەبىئەتتىكى غايەت زور كۈچ ۋە ئېنېرگىيە زاپىسىنى بويسۇندۇرۇش ئىنساننىڭ تەبىئىي ھەققى ئىدى.

ئەگەر مۇسۇلمان ئىسپانىيەسى شۇ دەۋرلەرگە قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن بولسا ئىدى،

ئەلۋەتتە بۇنداق بىر ئىلمىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنى بار كۈچى بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بولاتتى. بىز بۇلارنى ئېيتىش ئارقىلىق ئىلىم-پەننى ۋە ياكى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى تۆھپىكار ئالىملارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمىز. بەلكى ئۇلار تۇرلۇك كەشپىياتلىرى ئارقىلىق ھاياتىمىزغا كۆپلىگەن قولايچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالقىشقا لايىق. لېكىن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ گۈللىنىشى ئەخلاق، ئادىمىيلىك، توغرا غايە ۋە ساغلام ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تاپانچ قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنداق بولمىدى. ياۋروپا ماددىيلىق بىلەن مەنىۋىيەت ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ۋە ھەمكارلىقنى يوقىتىپ قويدى.

ئۇلار ھاياتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپىدىن پەقەت ماددىي قىسمىنىلا تاللىدى ۋە بۇ ساھەدە ئۈچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىدى. ياۋروپا ئىلمىي گۈللىنىش نەتىجىسىدە تەبىئەت ۋە كائىناتنى بويسۇندۇرۇشتا ئارقا-ئارقىدىن غايەت زور غەلىبىلەرنى، قەدىمكىلەر خىيال قىلىپمۇ ئۈلگۈرمىگەن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ياۋروپا ئەخلاق ۋە ئادىمىيلىك جەھەتتە يىمىرىلىشكە يۈز تۇتتى. ياۋروپادا ماددىي تەرەققىيات ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، ھەر ئىككىلىسى ئاخىرقى چەككە قەدەر يېتىپ باردى.

ياۋروپالىقلار بىر تەرەپتىن بۇرۇنقىلار چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان غايەت زور مىقداردىكى ئۇچۇر-مەلۇماتلارنى ۋە كۆرمىگەن تەرەققىيات ۋاسىتىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر تەرەپتىن توغرا غايە، ئۇلۇغۋار نىشان، يۈكسەك ئەخلاق، ھەمكارلىق، باشقىلارنى ئويلاش روھى ۋە شەھۋەتلەرنى تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان شەكىلدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

تەرەققىيات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە بۈيۈك نېمەت ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما قېرىنداشلار! غايە تېخىمۇ قىممەتلىك ۋە تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى ۋاسىتىلەرنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى ۋە ئىنسانىيەتكە بەخش ئېتىلگەن رەھمەتكە ئايلاندۇرىدىغىنى دەل غايىدۇر. توغرا غايە يوقالغان ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولغۇچى ئامىللار ساغلام بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ۋاسىتىلەر پەقەت ۋەيران قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن مالايلىق قىلىدۇ ۋە ياكى پەسكەش ۋە ئەخمىقانە ئارزۇلارنىڭ چومىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر بىزدە يۈكسەك ئادىمىيلىك ۋە ئەخلاقىي تۇيغۇ بولمايدىكەن، بۇ تەرەققىيات ۋاسىتىلىرىدىن بىزگە ھېچقانداق نەپ كەلمەيدۇ. بىز بۈگۈن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن باشقا بىر ئىنساننىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىيالايمىز. لېكىن سىزدىن سوراپ باقاي، تەسىرلىنىش ۋە قوبۇل قىلىشچانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان بىر مىللەتنىڭ بۇ ۋاسىتىلەردىن مەنپەئەتلىنەلىشى مۇمكىنمۇ؟

ياۋروپا ئەخلاقىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە مەغلۇب بولدى. ئۆتمۈشنىڭ چۆكمىلىرى ۋە بەزىبىر تارىخىي شارائىتلار بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. لېكىن شەرق بۇ جەھەتتە غەربكە تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى شەرقنىڭ قولىدا ساماۋى تەلىماتلار ۋە نەبەۋىي ئامانەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ياۋروپاغا توغرا بولغان تەبىئەت قارىشى، ئىدېئال غايە ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدىغان

ساغلام ئامىللارنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ياۋروپاغا بىر كائىنات قارىشى ئاتا قىلىشىمىز كېرەككى، ياۋروپا بۇ كائىنات قارىشى بىلەن پۈتۈن كائىناتنىڭ باغلىنىشچانلىقى يوق ۋە چېچىلاڭغۇ ئەمەس، بەلكى توغرا نىشان ۋە توغرا غايىگە بويسۇنغان ھالدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسۇن. چۈنكى ئىنسانىيەت بۇ خىل كائىنات قارىشى ئارقىلىق كائىناتتىكى مەخلۇقاتلار ۋە ئاجايىباتلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بارلىققا كەلتۈرگۈچىسىگە ئۇلىشالايدۇ. تەبىئىي پەنلەردىن ئىنسانىيەتكە غايە، ئەخلاق ۋە سالىھ ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنى ئاتا قىلىشنى كۈتۈش ھاماقەتلىك ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىتتۇر. چۈنكى ئەخلاق ۋە سالىھ ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولغۇچى ئامىللارنى ئاتا قىلىش تەبىئىي پەنلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۇلار بىلەن يىراق-يېقىندىن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق.

ئىلىم-پەن ئۆز دائىرىسىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋە رولىنى قۇسۇرسىز، مۇكەممەل شەكىلدە ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئىمان ۋە جەزمىيەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى پەيغەمبەرلەردۇر. ئەخلاقىي يېتەكچىلىك پەقەت ۋە پەقەت دىنىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەمما شەرقنىڭ ياۋروپاغا قەرزدار پېتى قىلىۋېرىشى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شەرق ياۋروپادىن نۇرغۇن تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە كەشپىيات بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلدى-يۇ، ئەمما ئۇلارغا ئىمان، ئەخلاق، جەزمىيەت ۋە مەنىۋىيەت ئېكسپورت قىلالمىدى.

بىزنىڭ ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدىكى ئاكادېمىك قوشۇن مائارىپ نەزەرىيەسى ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدا يېڭىلىق يارىتىشى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىجتىھاد قىلىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى قوشۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار بۈگۈن ياۋروپانىڭ ئىلىم جۇغلانمىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنى ستاتىستىكا قىلىش ۋە ياۋروپا چايناپ بولغاننى تەكرار چايناش بىلەن ئاۋارە. ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلمان ئىلمدارلىرىنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە ياۋروپالىقلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ داستىخانلىرىدىكى ئاشقان-تاشقانغا تەلمۈرۈپ يۈرۈشى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق-ھە!

ياشلار زېھنىنى پات-پات ئۇلارغا چاپلىنىپ تۇرىدىغان «ئايرىمچىلىق» تۆھمەتلىرىگە رەددىيە قايتۇرۇش بىلەن خورىتىۋەتمەستىن، بەلكى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەخلاقىي، ئىلمىي ۋە ئەقلىي ئۈستۈنلۈكىنى شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى، ئالىي غايىسى قىلىشى كېرەك.

دۇنيا ئەمەلىيەتكە قارايدۇ، مۇكەممەللىككە ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ، ئەمەلىي پايدا-مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانلار ئۆز قىممىتىنى ئۆزى يارىتىش، ئىلمىي ئۈستۈنلۈك قازىنىش ۋە ئەقلىي كامالەت دەرىجىسىگە يۈكسىلىش ئارقىلىق ياخشى ھايات كەچۈرۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى يېتەكچىلىك ماقامىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.



# ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز

مۇھەممەد يۈسۈپ

بۇ ماقالىمىزدە خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە بەلگىلىك نەتىجە قازانغان، ھازىرغىچە 7 كەشپىياتى «ئامېرىكا پاتېنت ۋە ماركا ئىدارىسى» تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلانغان، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا 15 پارچىغا يېقىن ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇيغۇر ئالىمى دوكتور تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھنى ۋە ئۇنىڭ بەزى نەتىجىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

كۆپىنچە كىشىلەر مەلۇم بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتىكى شارائىت ۋە مۇھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداقلا دائىم ئۆزى ياشاۋاتقان ياكى خىزمەت قىلىۋاتقان شارائىت ۋە مۇھىتنى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دەپ ئويلايدۇ. مەسىلەن: «يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالىشى ئۈچۈن ئائىلىسىدە يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەنبە بولۇشى كېرەك؛ تەبىئىي پەن ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ئۈچۈن چوقۇم ياپونىيە ياكى ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق مەكتەپنىڭ ئەڭ ياخشى تەتقىقات مەركەزلىرىدە ئىشلىيەلىشى كېرەك» دېگەندەك. تۇردىمۇھەممەد دەل مۇشۇنداق ئۆمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە تولغان پىكىر بېكىنمىچىلىكىدىن قۇتۇلالىغان ۋە ئۆزىدە بار چەكلىك مۇھىتنى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان ئۈلگىلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

دوكتور تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھ 1986-يىلى 7-ئايدا خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدا بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتتە پۈتكۈزگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا تولۇق ئوتتۇرىدا ئۆرلەپ ئوقۇش ئۈچۈن مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئائىلە شارائىتى بۇ چىقىملارنى كۆتۈرۈشكە قۇربىتى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ۋاقىتلاردا دېھقان بالىلىرىدىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغانلار ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بار دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى يېزا بويىچە باي ئائىلىلەر ھېسابلىناتتى. تۇردىمۇھەممەد بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بەكلا ئوقۇغۇسى بارلىقىنى، تەتىللەردە ئىشلەپ بولسىمۇ ئوقۇش ھەققىنىڭ ئامالىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئائىلىسىنى قايىل قىلغان ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە سىنىپ مۇدىرىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بۇغدا دوختۇرخانىسى تەسىس قىلغان ئوقۇش ياردەم فوندىغا ئېرىشكەن. بۇ ئارقىلىق تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتۈنلەي ھەقسىز ئوقۇغان. ئۇ 2005-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ۋە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ختاينىڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلىرىدىن بىرى بولغان شاڭخەيدىكى تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ خوتەندىكى ساخاۋەتلىك بىر كارخانىچىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئۇندىن باشقا دۆلەت تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ھەرخىل فوندلار ئارقىلىق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرغان.

دوكتور تۇردىمۇھەممەد 2011-يىلى 6-ئايدا ئالىي مەكتەپنى غەلىبىلىك تاماملاپ، خىمىيە ئىنژېنېرلىقى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈشكە ئىككى يىل قالغاندىن باشلاپ چەتئەلدە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئابدۇلئەزىز خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىققا قوبۇل قىلىش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان.

ئۇ 2011-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەن ۋە 2012-يىلى 1-ئايدىن 2014-يىلى 6-ئايغىچە ئابدۇلئەزىز خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش تەتقىقات مەركىزىدە ئالتە ئاي ئەتراپىدا تەتقىقات ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ مەكتەپنىڭ دوكتورلۇق پروگراممىسىغا ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، ئىلتىماسى قوبۇل

بولۇپ 2015 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىق كەسپىدە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇردىمۇھەممەد ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، خىمىيە ئىنژېنېرلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. پېقىر ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلاش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلىش ئارقىلىق دوكتورىمىزدىن زور ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان ئىدىم. چۈنكى، بىز جىددە شەھرىدە دوكتور بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەتتۇق. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئىجادىيەت يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ھەققىي مەنىدىكى تەقۋالىقى مېنى قايىل قىلغان ئىدى. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ قىسىم تەتقىقاتلىرىنى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ نانو تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىدە تاماملىغان ۋە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر مەركەزدە ئىككى يىلغا يېقىن ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلغان. دوكتور تۇردىمۇھەممەد ھازىر ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە بۆلۈمىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى

تۇردىمۇھەممەد دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ، ئاساسلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاتىغان بولۇپ، نەچچە يىللىق ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسى يېگىلاش خاراكتېرلىك ئەزا كۆچۈرۈش تېخنىكىسى **(TissueEngineering)** ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق بىيوماتېرىيال لايىھەلەش ھەققىدە بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە بۇ ساھەدە بەش تەتقىقات تۈرىنى ئاساسلىق تەتقىقاتچى سۈپىتىدە تاماملىغان.تۆۋەندە بۇ بەش تەتقىقات تۈرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

1. ئەزا يېگىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نانو تالالىق توقۇلما ماتېرىيال ياساش. بۇ تۇردىمۇھەممەدنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى توسۇلۇپ قالغان ئارتېرىيە تومۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماتېرىيال لايىھەلەپ چىقىش ئىدى. ئارتېرىيەنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك كېسەللەردىن بىرى بولغان يۈرەك، قان ـ تومۇر كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، «كۆۋرۈك سېلىش» ئوپېراتسىيەسى ئارقىلىق بىمارنىڭ ھاياتىنى 10 ـ 5 يىل ئەتراپىدا ئۇزارتقىلى بولاتتى. بۇ

ئوپېراتسىيەدە توسۇلۇپ قالغان ئارتېرىيە بىمارنىڭ پۇت ـ قول تەرىپىدىكى تومۇرى ياكى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغان تومۇرى بىلەن ئالماشتۇرۇلاتتى. بۇ ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېڭى تومۇر ئۆز ئىقتىدارىنى بەك ئۇزۇن ساقلاپ بولالمايتتى. يېقىنقى يىللاردا بەدەن ئىچىدە سىڭىپ يوقاپ كېتەلەيدىغان بىيو ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىقتىداردىن قالغان ئەزانى قايتا يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسى بۇ تۈردىكى مەسىلىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش يولى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. تۈردىمۇھەممەد ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقاتىدا دەل مۇشۇ ساھە ئۈچۈن تەبىئىي ۋە سۈنئىي بىيو پولىمېرلاردىن تەركىب تاپقان، مىكرو تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولغان بىيو ماتېرىيال لايىھەلەپ چىقتى. بۇ ماتېرىيال توكتا توقۇش تېخنىكىسى (Electrospinning)دىن پايدىلىنىپ، ئىنچىكە يىپلارنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ توقۇپ چىقىلغان بولۇپ، ئاناتومىيەلىك تۈزۈلۈشى ئادەم بەدىنىدىكى توقۇلمىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يىپلارنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 0.5~1 مىكرو مېتىر ئەتراپىدا (چاچتىن تەخمىنەن 100 ھەسسىگە يېقىن نېپىز) بولۇپ، يىپنىڭ ئىچى پۇتۇنلەي كاۋاك ھالەتتە لايىھەلەنگەن. يەنى بۇ ماتېرىيال كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە نېپىز بولغان، ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن شىلەنكىگە ئوخشايدۇ.

2. يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ نانو تالالىق بىيو ماتېرىيال لايىھەلەش. بۇ تەتقىقات نۆۋەتتە ئەخلەت ھېسابىدا بىرتەرەپ قىلىنىۋاتقان، زاپىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قالدۇقى (Chitin) ۋە ياغاچ سېرىقى (Lignin) قاتارلىق ماتېرىياللارنى كلىنىكىلىق داۋالاش ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە مۇھىتنى بۇلغايدىغان ئەخلەتلەرنىڭ مىقدارىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان. تۈردىمۇھەممەد بۇ تەتقىقات تۈردىمۇ توكتا توقۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ مىكرو تۈزۈلۈشىنى ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنىڭ ئاناتومىيەلىك تۈزۈلۈشىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تورسىمان توقۇلما ھالەتتە ياساپ چىقتى. توقۇلمىنى تەشكىل قىلغان يىپچىلار ئالاھىدە ئىنچىكە بولۇشىغا قارىماي خۇددى توك سىمىغا ئوخشاش ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئىچكى قەۋەتكە ھەرخىل دورىلارنى قاچىلىغىلى، سىرتقى قەۋەت ئارقىلىق دورىنىڭ تېز تارقىلىپ كېتىپ ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لايىھەلەنگەن بۇ ماتېرىيالنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش ئۈنۈمى ۋە بەدەنگە سىڭىشچانلىقى ئىسپاتلاپ چىقىلدى.

3. ئوكسىگېن چىقىرالايدىغان تورسىمان بىيوماتېرىيال. بۇ تۈردىمۇھەممەدنىڭ توكتا توقۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تەييارلىغان يەنە بىر تۈرلۈك بىيوماتېرىيالى بولۇپ، بۇ ماتېرىيالنىڭ ئاساسلىق رولى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئورۇنغا ئوكسىگېن تەمىنلەپ تۇرۇش ئىدى. چۈنكى مەلۇم ئورۇن يارىلانغاندا ياكى ئالماشتۇرۇلغاندا ئۇ ئورۇنغا ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېن يەتكۈزىدىغان قان-تومۇرلار

ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقاتتى . بۇ مەسىلىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن تۇردىمۇ ھەممىدە قاتارلىقلار بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا بەدەندىكى سۇ بىلەن رېئاكسىيەلىشىپ ئوكسىگېن چىقىرالايدىغان خىمىيۋىلىك بىرىكمىنى بىيوپولىمېرلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، بۇ ئارىلاشمىنى تورسىمان توقۇلما ھالەتتە لايىھەلەپ چىقتى . ئۇلار يەنە مەزكۇر ماتېرىيالنىڭ مىكروپقا قارشى تۇرالايدىغانلىقىنى ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىنى تىزلىتىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى .

4. مۇزلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بۇلۇتسىمان بىيوماتېرىيال . بۇ تەتقىقات مۇز ئىچىدە سىنتېزلىنىدىغان ئۈچ ئۆلچەملىك ، ماكرو تۆشۈكلۈك (ئوتتۇرىچە تۆشۈك چوڭلۇقى 80 ~مىكرومېتىر) ، سۇ سىڭىشچان ، بۇلۇتسىمان بىيوماتېرىيال لايىھەلەش ھەققىدە بولۇپ ، ماتېرىيال ئاساسلىقى گېلاتىن (Gelatin) ۋە لىگنىن (Lignin)دىن تۈزۈلگەن . گېلاتىن ئادەم ۋە ھايۋان بەدىنىدە بار بولغان ئاقسىل تۈردىكى بىر خىل خىمىيۋىلىك بىرىكمە ، لىگنىن بولسا ئاساسلىقى ياغاچ سىرىقى بولۇپ ، ياغاچقا ئالاقىدار سانائەت تۈرلىرىدە مەسىلەن قەغەزچىلىك سانائىتىدە قوشۇمچە مەھسۇلات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ كېلىنگەن .

### ياسالغان ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) ماتېرىيالنىڭ تۆشۈكسىمان تۈزۈلۈشى ۋە غايەت زور مىقداردا سۇ ساقلاش ئىقتىدارى ۋە ئېلاستىكىلىقى جەھەتتىن ئادەم بەدىنىدىكى توقۇلمىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

(2) ماتېرىيال مىكروبقا ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرالايدۇ .

(3) مېخانىكىلىق ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئەسلىگە قايتالايدۇ . مەسىلەن ئوكۇل يىڭنىسىدىن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ . ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ماتېرىيال ئۈزلۈكسىز ئورۇقلايدۇ ۋە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەسلىگە قايتالايدۇ .

(4) ماتېرىيال تېنىدە ھۈجەيرىلەر ئۆسەلەيدۇ ، كۆپىيەلەيدۇ ، يۆتكىلەلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق توقۇلما پەيدا قىلالايدۇ .

5. سۆڭەكسىمان بىيوماتېرىياللارنى تەن ئىچىدە بىۋاسىتە پىرىنتېرلاش تېخنىكىسى . سۆڭەك كەمتۈكلۈكى ئادەتتە زەخىملىنىش ۋە ئۆسمىنى ئېلىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى سۆڭەك كۆچۈرۈش ئىستراتېگىيەسى بۇ نۇقسانلارنى قايتا قۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى . تەتقىقاتچىلار توقۇلما ئىنژېنېرلىقى ئاساسىدا بۇ كەمتۈكلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە توختىماستىن ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ماتېرىياللارنى كەمتۈك

ئورۇنغا ۋاستىلىق ئۇلاش سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان ئۇلاش ئورۇنلىرىنىڭ چىڭ يېپىشماسلىق، مېكروپتىن يۇقۇملىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر تەتقىقاتچىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتماقتا. مەزكۇر تەتقىقات سۆڭەكسىمان بىيوماتېرىياللارنى تەن ئىچىدە بىۋاسىتە پىرىنتېرلاش لايىھەسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ لايىھەدە ئۈچ ئۆلچەملىك قەلەم ئارقىلىق ماتېرىياللار كەمتۈك ئورۇننىڭ ئىچىگە تەكشى بېسىپ تولدۇرىلىدۇ ھەمدە ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە يۆتكىلىشى ئۈچۈن ئەركىن يوچۇق ھاسىل قىلىنىدۇ. مەزكۇر تەتقىقاتتا ئىشلىتىلگەن بىيوماتېرىيال تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئېرىيدىغان پولىمېر، كالتسىي ـ فوسفورلۇق سۆڭەك ئېلېمېنتى ۋە سىنىك ئوكسىد نانو دانچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، پىرىنتېرلاش جەريانىدا ئەتراپتىكى توقۇلمىلار قىزىپ كۆيۈپ كەتمەيدۇ. دەل جايىدا بېسىلغان ماتېرىياللار ھۆل سۆڭەك توقۇلمىلىرىغا بىۋاسىتە چاپلىشىدۇ ۋە ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتمەيدۇ. بېسىپ چىقىرىلغان ماتېرىياللار سۆڭەك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆسۈشى، كۆپىيىشى، يۆتكىلىشى ۋە مۇكەممەل سۆڭەك ھالەتكە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ماتېرىيال تەركىبىدىكى سىنىك ئوكسىد باكتېرىيەلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا قوغدىنىش مەيدانى ھاسىل قىلالايدۇ.

يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردىن باشقا تۇردىمۇھەممەد يەنە ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ ماگىستىرلىق تەتقىقاتىغا ياردەمچى يېتەكچى سۈپىتىدە قاتناشقان. ھازىر ئۇ ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتىدا «تۆت ئۆلچەملىك بېسىش (4D Printing) لاھىيەسىنىڭ راكقا قارشى دورىلارنى دەل جايىغا ۋە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈش تېخنىكىسىدا قوللىنىلىشى» تەتقىقاتى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە. مەن دوكتور تۇردىمۇھەممەدنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز كەسپىدە تېخىمۇ پارلىشىنى ۋە خەلقىمىزنى سۆيۈندۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن

—— بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز



يېڭى كىتاب




ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا...


مەرىپەتلىك بولاي دېسىڭىز ،
مەرىپەتنىڭ ئوقۇرمىنى بولۇڭ !
مەرىپەت